دوكتۇر يۈسۈپ قەرەداۋىي

ئىنسانىيەت ئىسلام مەدەنىي يېتەكچىلىكىگە مۇھتاج

# حاجة البشر لرسالتنا الحضارية لأمتنا

ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئىسلام تېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

**تەرجىماندىن** ........................................ 6
**كىرىش سۆز** ........................................ 13
**غەرب مەدەنىيىتىدىكى يۈكسەك ماددىي تەرەققىيات** ........................ 16
غەرب مەدەنىيەتى ئىنسانىيەتكە ئالىپ كەلگەن بەختسىزلىك ............. 17
غەرب مەدەنىيەتىدىكى كۆلپەتنىڭ سىرى ........................................ 20
غەرب ھەر ساھە ئەربابلىرىنىڭ ئىنكاسلىرى ........................................ 21
ئۇلار پاجىئەنى كۆرۈپ يەتتى ........................................ 25
غەرب ئىلىم ـ پەنى دىندىن ئايرىلىپ قالغان ........................................ 30
پەلسەپە ئىنسانىيەتنى بەختكە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ ........................................ 32
پەلسەپە ئېقىملىرى ئارا كۆرەش ۋە زىددىيەت ........................................ 34
پەلسەپەنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى قازانغان ئۇنۇمى ........................................ 37
**ئىنسانىيەتنى دىندىن ئۆزگە قۇتقازغۇچى يوق** ........................................ 42
خرىستىئان دىنى نىجاتكارلىق رولىنى ئۆتىيەلمەيدۇ ........................................ 44
يەھۇدىي دىنى خرىستىئان دىنىدىنمۇ ئاجىزدۇر ........................................ 53
**ئىسلامدىن باشقا قۇتقازغۇچى يوق** ........................................ 57
**ئىسلام دۇنياسىدىكى غوللۇق يەتتە ئېقىم توغرىسىدا** ........................ 58
تارىخنى كۆشەش ئېقىمى ........................................ 59
ئۆز ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ئېقىمى ........................................ 61
غەربدىن كەمسىنىش ئېقىمى ........................................ 65
ئۆتمۈشكە ھەۋەسمەنلىك ئېقىمى ........................................ 67
تار ئەمەلچىلىك ئېقىمى ........................................ 69
ئۇرۇشقاقلىق ئېقىمى ........................................ 72
مەدەنىيلىك ئېقىمى ........................................ 74
**مۇسۇلمانلاردىكى مەدەنىي يېتەكچىلىك سالاھىيىتى توغرىسىدا** ............ 80
بىزدىكى مەدەنىي يېتەكچىلىك سالاھىيتى قىل سىغماس ھەقىقەت ........... 81
بىز ئۇستىمىزگە ئالىدىغان يېتەكچىلىكنىڭ يىگىرمە ئاساسى ........................ 84
ئوتتاھاللىق ۋە تەڭشەكچانلىق يېتەكچىلىكى ........................................ 87

تولۇقتۇرۇشچان يېتەكچىلىك ........................................................ 89
ئىسلامدىكى بىلىم ۋە ئىماننىڭ بىر بىرىنى ئۆزئارا تولۇقتۇرۇش ئالاھىدىلىكى. 91
مەدەنىيەتسىز بىلىم ۋە ئىمان مەدەنىيەتتىدۇر........................................ 94
تۈگەنچ سۆز........................................................................... 98

www.uyghurkitap.com

# ئىلاۋە

بىز بۈگۈنكى دۇنيانىڭ مەدەنىيەتلەر ۋەزىيىتىگە چوڭقۇر نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ھەرقانداق بىر مەدەنىيەتنىڭ بىرەر دىنغا باغلىق ھالدا خاسلىق ۋە مەۋجۇتلۇق تاپقانلىقىنى كۆرىمىز. دىمەك، ھەر بىر مەدەنىيەت بەلگىلىك دىن ۋە ياكى ئەقىدە سىستېمىسىنىڭ مىللىي ئاڭ شەكلى ۋە تۇرمۇش، ياشام تەرزىگە ئايلانغان ھەمدە سىڭگەن كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت.

ھەر بىر مىللەتتىكى مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، مىللىي ئىئتىقاد ئۆز نەۋبىتىدە شۇ مىللەتنىڭ مىللىي مەنفەئەت ۋە مىللىي قوغدىنىش قورغانىدۇر.

ھەر خىل مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ كۈچ - قۇدرەت، ئىزچىللىق، ساقلىنىش سالمىقى، ماددىي ئەفزەللىكلەر بويىچە پەرقلىنىشى ئۆتكۈنچى خاراكتىرگە ئىگە بولسىمۇ، ئۇلاردىكى ئىچكى ھاياتىي كۈچ، ھەققانىيلىق، ئۇل - ئاساس مۇستەھكەملىكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىئال ۋە غايىۋىي كامالىتى، بەخت - سائادىتىگە كېپىللىك قىلىش، مىللەتنى ئىنسانىيەت ۋە دۇنيانىڭ سەركىسى، پەخرىگە ئايلاندۇرۇش سالاھىيىتى قاتارلىق ئاسانغا توختىمايدىغان ئالىي قىممەت كۆرسەتكۈچلەر ئالدىدىكى پەرقى مۇتلەقلىككە ئىگە. بۇيەردىكى پەرقنىڭ مۇتلەقلىكىنى ھەربىر مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئىلاھىي مەرىپەتتىن ئوزۇقلانغان ياكى ئوزۇقلانمىغانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ جەھەتتە بىز ئەقىدە قىلىۋاتقان ئىسلام دىنى ۋە شۇ ئاساستا مەدەنىي كىملىك يوقلىمىسى بويىچە بىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ تۇرغان ئىسلام مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ تەلتۆكۈس ئىلاھىي مەرىپەتتىن بەرپا بولغان ۋە ئوزۇقلانغانلىقى بىلەن

يۇقارقى ئالى سالاھىيەتلەر سېلىشتۇرمىسىدا مۇتلەق ئىجابى پەرق ۋە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان ۋە بولۇپ كەلمەكتە. ئۇ مانا شۇ سالاھىيەت ئۈستۈنلىكى بىلەن دۇنيادىكى يەتتە- سەككىز ئاساسلىق مەدەنىيەت ئىچىدە كۈچلۈك (ماددىي ئىمكانىيەت جەھەتتە) مەدەنىيەت بولغان خىرىستىئان مەدەنىيىتىگە خىرىس، تەھدىد شەكىللەندۈرگەن بىردىنبىر مەدەنىيەت بولۇپ قېلىۋاتماقتا.

شۇتاپتا بىز ئۆزىمىزنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار بىر مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە مەنسۇپ بولغانلىقىمىزدىن ئىپتىخارلانماي تۇرالمايمىز. لېكىن مىللىتىمىزدىكى ئۆز مەدەنىي سالاھىيىتىنى تونۇماسلىق، تونۇغاندىمۇ بۇ سالاھىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن لايىقىدا چىقالماسلىق ئەھۋاللىرى بۇ ئىپتىخار تۇيغۇمىزنى غەشلىككە ئايلاندۇرۇپ قويماقتا. ئىسلام مۇتەفەككىرى يۇسۇپ قەرەداۋىي تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ كىتابچە ئەشۇ جەھەتتىكى فىكرىي مۇجمەللىك، خاتا چۈشۈنۈك ۋە چۈشەندۈرۈكلەر ھەمدە ئىسلام مەدەنىيىتى قايسى خىل يۆنۈلۈش بويىچە ماڭغاندا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ۋە ئىلغار قىممىتىنى كۆرستەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئەقلى، فىكرى ئويغاق ھەر بىر ئوقۇرمەن قېرىندىشىمىزنى تېگىشلىك ئايدىڭلىقلار بىلەن بەھرىمەند ئەتكۈسى.

— تەرجىمان

www.uyghurkitap.com

# تەرجۇماندىن

چاغداش ئىسلام ئۇيغۇنۇش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ غوللۇق مۇتەفەككىرلىرىدىن بىرى، ئاتاقلىق فەقىھ — قانۇن بىلەر، يېتۇك شائىر، دۇنياۋى ئىسلام تەرغىباتچىسى، ھازىرقى زامان ئىسلام جەدىدىزىمىنىڭ غوللۇق پېشىۋالىرىدىن بىرى، مول مەھسۇلاتلىق ئىسلام ئالىمى ۋە ئەللامەسى يۇسۇپ قەرەداۋى چاغداش ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىدىئولوگىيە ۋە ئىسلامشۇناسلىق ساھەسىدە ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتقان مۇھىم شەخس ۋە جەمائەت ئەربابى.

ئۇنىڭ كۆرەش ۋە ئىزدىنىشكە باي ھاياتى ۋەتىنىمىزدىكى كەڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەرتۈرلۈك ئەسەرلىرىدىن ئازدۇر — كۆپتۇر خەبەردار بولۇپ ئۆلگۈرگەن كۆپلىگەن قىرىنداشلىرىمىز ئالدىدىكى بىر قىزىق نوقتا. شۇ تۈپەيلى ئۇلۇغ ياراتقۇچىنىڭ بۈيۈك مەدىتى ئاستىدا يۇسۇف قەرەداۋى ئەسەرلىرى ئىچىدە ھالقىلىق ئورۇن تۇتىدىغان قولىڭىزدىكى بۇ يىرىك ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ روياپقا چىقىشى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇئەللىفنىڭ ھاياتىدىن قىسقىچە ئۇچۇر بەرمەكنى لايىق كۆردۇم.

ئۇ 1926 - يىلى مىسىرنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان «مەھەللە كۇبرا» ناھىيىسىنىڭ «سەپەتتۇراب» يېزىسىدىكى ئەقىدە — ئىمانلىق، بىلىم سۆيەر، كەمبەغەل يانچى دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئىككى ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ئابدۇللا ۋاپات تېپىپ كەتكەندىن كېيىن تاغىسىنىڭ تەربىيىسىگە ئۆتكەن. ئۇ تاغىسىنىڭ قولىدا ياخشى پەرۋەرىشكە ئېرىشىپ، بەش ياش چېغىدىلا شۇيەردىكى مەھەللە مەكتىپىگە

ئوقۇشقا بېرىلگەن. تىرىشچان ۋە زىرەك كىچىك يۈسۈپ غەيرەت بىلەن ئوقۇپ تېخى ئون ياشقا بارماي تولۇق قۇرئان كەرىمنى تولۇق ۋە لاياقەتلىك يادقا ئېلىپ بولغان. ئۇ شۇ چاغلىرىدىن باشلاپلا قۇرئاننى قىرائەت قىلىشتىكى ئالاھىدە ماھارىتى، ئەقىللىق، زىرەكلىكلىكى بىلەن ئۆز ياشىدىن ھالقىغان ھالدا ئىززەت – ھۆرمەت تاپقان. كىچىك تۇرۇپلا مەھەللە مەسجىدىدە ئىمام بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇپ، يۇرت خەلقى ئارىسىدا «شەيخ يۈسۈپ» دەپ نامى چىققان. ئۇنىڭ يەتىمچىلىكتە ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئۆزگىچە ئائىلە شەرائىتى ئۇنىڭ جاپانى مەنسىتمەيدىغان، مەشەققەتكە باش ئەگمەيدىغان قەيسەر روھقا ئىگە ئادەم بولۇشىغا زور تۈرتكە بولغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا تەھسىلىنى ئۆز يۇرتىدا تۈگەتكەندىن كېيىن قاھىرەدىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەنتاۋى نامىدىكى تولۇقسىز ئىنىستىتوتىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئۇيەردە تۆت يىل ئوقۇيدۇ. كېيىن ئۇنىڭ تولۇق ئىنىستىتوتىدا بەش يىل ئوقۇيدۇ. ئاندىن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دىن ئاساسى بىلىملىرى «ئۇسۇلۇددىن» پاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، ئۇنى 1952 ـ يىلى پۈتتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كەسپىي ئەرەب تىلى سىنىپىدا ئىككى يىل ئوقۇپ ئىمتىھاندا شۇ چاغدىكى ئۈچ پاكۇلتېتنىڭ 500 ئوقۇغۇچىسى ئىچىدە 1 ـ لىككە ئېرىشىپ، ئالىملىق ئۇنۋانى ھەمدە ئوقۇتقۇچىلىق لاياقەتنامىسىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇ يەنە 1957 ـ يىلى «ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى تەشكىلاتى» قارمىقىدىكى ئەرەپ تىلى ئالىي تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كىرىپ، تىل – ئەدەبىيات پەنى بويىچە ئالى دىپلومغا ئېرىشىدۇ. ئۇ يەنە بۇ نەتىجىلەر بىلەنلا توختاپ قالماي، ئۇسۇلۇددىن پاكۇلتېتىنىڭ ھەدىس، تەپسىرشۇناسلىق ئالىي سىنىپىدا ئوقۇپ، ئۇنى 1960 ـ يىلى غەلىبىلىك پۈتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە زاكات

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە كەم تېپىلىدىغان ئەسەر بولمىش «زاكات توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە» نى يېزىپ چىقىشىغا دەستلەپكى ئاساس بولغان «زاكات ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي كىرزىسلارنى ھەل قىلىشتىكى رولى» دېگەن دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى يېزىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ بۇ دىسسېرتاتسىيىنى يېزىپ تاماملىغان بولسىمۇ ئەينى چاغدىكى مىسىر ۋەزىيىتىنىڭ تىنچ بولالماسلىقى ۋە باشقا سۈنئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىشى 13 يىل كەينىگە سۈرۈلۈپ، تاكى 73 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن بۇ ئۇنۋاننى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئۇ شۇ ئارىلىقلاردا تىنىمسىز ئۆگىنىش، ئىزدىنىش بىلەنلا قالماي، شۇ دەۋر رېئاللىقىنىڭ تەقەززاسى ۋە ئىسلام سىياسىيسىنىڭ ئەمەلى ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە دىنىي تەشۋىقات ۋە ئىسلام ئاقارتىش ھەركەتلىرى بىلەن دادىل شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ، بۇ جەرەياندا شۇ چاغلاردا مىسىردىكى ئەڭ چوڭ ئىسلام جامائەسى بولغان «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىغا ھېسداشلىق قىلىشى ۋە ئىسلام تەشۋىقات خىزمىتىدە ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ھەققانىي ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن مىسىر ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرەپىدىن تۈرلۈك دىشۋارچىلىقلارغا ئۇچراپ، بىر ئىنقىلابچىغا خاس كەچۈرمىشلەرنى، بىرقانچە قېتىملاپ قامالىش، تۈرمىگە تاشلىنىش تەك خەتەرلىك قىسمەتلەرنىمۇ باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق ئەگرى ـ توقاي مۇساپىلەرنى بېسىپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئوقۇش ھاياتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىر مەزگىل مىسىر دىنىي فوند مىنىستىرلىكى قارمىقىدىكى دىنى ئىشلار باشقارمىسىدا خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەزھەر قارمىقىدىكى ئىسلام دىنى ئىدارىسىدا ئىلمىي خادىم بولۇپ ئىشلەيدۇ. كېيىنكى يىللىرى قاتاردىكى بىر دىنىي ئىنىستىتوتقا يۆتكىلىپ كېلىپ،

ئۇ يەردە مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۆتەيدۇ. ئۇندىن كېيىن يېقىنقى بىر مەزگىلگىچە بولسا، قاتار دەۋلەتلىك شەرىئەت ۋە ئىسلام تەتقىقاتى ئىنىستىتوتىنىڭ باش مۇدىرلىقىنى ئۆتەپ كەلگەن. ئۇ ھازىرقى پەيتتە ئۆزى قول سېلىپ قۇرغان سۈننەت ۋە سىرەت (پەيغەمبەر ئىش – ئىزلىرى) ئۆگىنىش مەركىزىنىڭ باش مۇدىرى، ياۋروپا ئىسلام دىنى پەتۋا ئىشلىرى كېڭىشىنىڭ رەئىسى، دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى، قاتار پايتەختى دەۋھەدىكى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب جامەئەسىنىڭ خەتىبى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلگەندىن باشقا يەنە كۆپلىگەن دىنىي، مەدەنىي، ئىلمىي تەشكىلات، يىغىنلارنىڭ رەئىسى، پەخرى رەئىسى، ئىشتىراكچىسى ۋە تەشكىلچىسى بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇ، ئىسلام دۇنياسىدىكى بارماق بىلەن سانىغۇچىلىك ئالىملارنىڭ بىرى. ئۇ، مۇھاكىمە ئىقتىدارىغا تولىمۇ باي ۋە ھازىر جاۋاب، پىكىرچان، پىشقان بىر ئالىم سۈپىتىدە ئورتىغا چىقىپ، ئۆزىگە خاس ئۆتكۈر نەزىرى ھەمدە كەڭ دائىرىلىك بىلىم جۇغلانمىسى بىلەن تۈرلۈك ئىسلام سورالغۇ (مەسىئەلە)لىرى بويىچە ئاز بولمىغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، بۈگۈنكى زامان ئىسلام ئىدىئولوگىيە سېپى ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان پىكىر ۋە ئاڭ بايلىقى ي□رىتىپ بەردى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقلىق پىكىرلىرى، پىرىنسىپال مەيدانى، ئىلغار چىقىش (ئىنكاس)لىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئىسلام ئىنچىكەلەمى (تەدقىقاتى) ساھەسىدە بەلگىلىك يۈكسىلىشلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ سانىنى ئەيتىپ بېرىش قىيىن بولغان تۈرلۈك لېكسىيە، ماقالىلىرىدىن سىرىت يازغان يىرىك ئەسەرلىرىلا 150 پارچىگە يېتىدۇ. ئۇ، ئىسلام دۇنياسى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەلقئارادا زور نوپۇز، ئابرۇيغا ئىگە. ئۇنىڭ كۆپ قىسىم ئەسەرلىرى ئون نەچچە قېتىملاپ قايتا نەشىر قىلىنغان ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مۇسۇلمان خەلقلەر ۋە باشقا مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ ھەققىدە توختالغانلار ئۇنى كەم تاپىلادىغان ئىسلام مۇتەفەككۇرى دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ تۈركۈم ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە ئالىمغا خاس ئىنچىكىلىك، ئەدىبلەرگە خاس يارقىنلىق، تەشۋىقاتچىغا خاس قىزغىنلىق، مۇتەفەككۇرلەرگە خاس تىرەنلىك گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ فىقھ — قانۇن - تۈزۈكچىلىك، فەتۋا — جورىما، ھەمدە ھۆكۈمسازلىق (ئىجتىھاد) ئەمەلىيىتىدە سولچىللىق، ئوڭچىللىق خاھىشىدىن بىردەك خالى بولۇپ، ھەممىدە ئوتتۇراھال يول تۇتقان. ئۇنىڭ ھەر بىر ئىلمىي ئەمگىكىدە ئەنئەنىۋىلىك بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، بايىتىش، مەنبەئشۇناسلىق بىلەن ئەمەلىيەتچانلىق ئۆز ئىفادىسىنى تاپقان. ئۇ نۇرغۇن چىگىش ۋە قىيىن بولغان ئىسلام سوراللىرىنى يېڭىچە تۈرگۈ (نوقتا)دىن ئىزاھلاپ شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىلەن ھازىرقى زامان سوراللىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرۈپ ئاللىغان ھەمدە بۇ ساھەدە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ بىر پىشقان ئىسلام قانۇن بىلەرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تاللىيلىغان ئىسلام سوراللىرى توغرىلىق لايىقىدا جاۋاب بېرىپ شەرق ۋە غەربدىكى كەڭ مۇسۇلمانلار ئارا نوپۇزلۇق قانۇن بىلەر بولۇپ تونۇلدى. ئۇنىڭ مول مەزمۇنلۇق شېئىرىي ئەسەرلىرىنى ئەرەب ۋە قوشنا ئەل ئوقۇرمەنلىرى سۆيۈپ ئوقۇشماقتا.

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلام ئالىمى ۋە ئەدىبىگە خاس پائالىيەتچانلىقىنى نامايەن قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىغا مەنسۇپ ھەرقايسى چوڭ — كىچىك ئەل — خەلقلەرنى ئارىلاپ

چىقىپ، ئۇلار ئىچىدىكى ھەر خىل ئىسلامىي ئېقىم، گۇرۇھلار بىلەن فىكىر ئالماشتۇرۇپ چىققان.

ئۇ، ئىسلام دۇنياسى ۋەخەلقئارادىكى كۆپلىگەن بىلىم يۇرتلىرىدا لىكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىنغان.

ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمەلىك، جاپالىق خىزمەتى ۋە قىيمەتلىك ئىلمى ئەمگەكلىرى بارا – بارا ئىسلام ئەللىرىدىكى ھەرقايسى ھۆكۈمەتلەر، تەشكىلاتلارنىڭ يۇكسەك دىققىتىنى قوزغىغاچ، ئۇ پات – پات مول مىقدارلىق ماددى مۇكاپاتلار، تەقدىرلەشلەرگىمۇ سازاۋەر بولۇپ تۇرغان.

ئۇلۇغ پەرۋەردىگار قەرەداۋىي ھەزرەتلىرىنىڭ بىر ئۆمۈر ئىسلام خىزمىتى ۋە مۇسۇلمانلار غېمى بىلەن ئۆتكەن شانلىق ئۆمرىنى تېخىمۇ ئۇزۇن قىلغاي، ئۇنى ئىسلام خىزمىتىدە تىخىمۇ كۆپ ئۇتۇقلارغا ئېرىشتۈرۈپ، بۇ دۇنيالىق ئىززەت ۋە ئاخىرەتلىك شەرەفلەرگە سەزاۋەر قىلغاي، ئامىن!

ئەسەر تەرجەمەسىنى ئىشلەش جەريانىدا ئايرىم سۆزلەرنىڭ تەرجەمەسىنى بەرىشتە ئۆز تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى قوغداش ۋە ئۇنى بايىتىش مەجبۇرىيەتى ئاستىدا مىللىي تىل نورمالىرىنى جانلىق قوللىنىپ يېڭى سۆزلەرنى ياساشقا، شۇنداقلا تىلىمىزنىڭ سۆزلۈك زاپاسىدا بولسامۇ ئەمەلدە ياخشى ۋە كەڭ قوللانىلمايۋاتقان ئايرىم سۆزلەرنى ئورنى كەلگەندە دادىل ئىشلىتىشكە توغرا كەلدى، بۇمۇ ئانا تىلىمىزنى بايىتىش ۋە ئاچىش يولىدىكى خالىس ئۇرۇنۇش بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. يەنە بىرى، خېلى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئايرىم تاۋۇشلىرىنى ئىمكانقەدەر شۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلى شەكلى بويىچە، چەت تىل سۆزلىرىنى بولسا (بولۇپمۇ ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆزلەرنى) شۇ سۆزلەرگە چىقار (مەنبە) بولغان تىلدىكى توغرا شەكلى بويىچەراق تەلەپپۇز قىلىش ۋە يازىشقا تىرىشتۇق. بۇنىڭدا بىز يېزىق تىلىنى يېزىق تىلىغا خاس بولغان مۇقىمچان ۋە ئىلمىيلىككە

ئىگە قىلىش، ئۇنى ئاماۋىيلىقنىڭ قۇربانى قىلىۋەتمەسلىكنى نەزەردە تۇتتۇق. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇتەرەپكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىنى، تەپەككۇر ۋە ئەمگەك كەينىدە بەرپا بولغان بۇ ئىشنى ھەرگىزمۇ يەڭگىلتەك ھۆكملەر بىلەن بىر ياقلىق قىلىۋەتمەسلىكنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنىمىز.

ئەسەرنى كەڭ قېرىنداشلارنىڭ ئاچقان يېرىگە بارىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىمان بىلەن ياشامىنىڭ ئورگانىڭ مۇناسەبەتىگە قارىتا پارلاق بىر تەپەككۇر كەڭلىكىنىڭ دەرۋازاسىنى ئاچىپ، ئۇلارغا يېقىنىدىن ئىلھام، ئوزۇق بېرىدىغان مەئنەۋي ئۇلپەتىگە ئايلانادۇر، دېگەن ئۈمىددە مەن.

# كىرىش سۆز

**بسم الله الرحمن الرحيم**

بارلىق مەدھىيە الله قا خاستۇر، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە يېقىنلىرىغا، ساھابىلەرگە ھەمدە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بارلىق كىشىلەرگە ئۇلۇغ اللەنىڭ سالامى ۋە ئامانلىقى بولسۇن!

مۇھتەرەم ئوقۇرمەن! قولىڭىزدىكى بۇ كىتابچىنى، بىر بۆلۈك بۇرادەرلىرىمىنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقان 21 ـ ئەسىر دە بىز مۇسۇلمانلار پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى مۇجەۋەت پاجىئەدىن قۇتۇلدۇرۇپ توغرا ۋەگۈزەل بولغان ھايات يولىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان ئىسلام مەدەنىيلىك ھەركىتى توغرىسىدا ئۆز چۈشەنچىلىرىمىنى بىلدۈرۈپ ئۆتۈشۈمنى تەلەپ قىلىشىغا ئاساسەن يېزىپ چىقتىم.

مەن بۇ ئەسەردە «ھەرەكەت»، «قۇرۇلۇش» سۆزى ئورنىغا بىزنىڭ ئىسلامچە ئاتالغۇلىرىمىز ۋە مۇھىتىمىزغا كۆپ يېقىن تۇرىدىغان«يېتەكچىلىك ـ رىسالە» سۆزىنى قوللاندىم.

مەن بۈئەسەر ئارقىلىق بۈگۈنكى ئىنسانىيەت بولۇپمۇ يۈكسەك ماددى تەرەققىيات ئۈستۈنلىكىگە ئىگە غەرب دۇنياسى كىشىلىرىنىڭ مانا بۈيىتەكچىلىككە ـ ماددا بىلەن روھ، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەت، خۇداسۆيەرلىك بىلەن ئىنسانسۆيەرلىك ئارىسىنى زىچ بىرلەشتۈرگەن، ئەقىل ئېھتىياجى بىلەن قەلب ئېھتىياجىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزئارا ماسلاشتۇرغان، شەخس ئەركىنلىكى بىلەن كوللېكتىپ، جەمئىيەت مەنپەئەتىنى ئۆزئارا تەڭشەلمىلىككە ئىگە قىلغان ئۇلۇغ ئىسلام يىتەكچىلىكىگە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكچى بولدۇم. دەرۋەقە، ھازىر غەرب دۇنياسى ماددى تەرەققىياتنىڭ يۇكسەك پەللىسىگە يەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ھەممە بىلىدىغان تېخنىكا، ئېلېكترون، ئالەم بوشلۇقى، بىئولوگىيە، ئۇچۇر، ئالاقە ساھەسىدىكى زور ئىنقىلاپلار، يېڭىلىقلارنىڭ بەرى دېگۈدەك ئەنە شۇ غەربدە بارلىققا كەلدى. بىراق ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن، ئاي شارىغا قەدەمى يەتكەن غەرب دۇنياسى كىشىلىرى تېخىچە زېمىن يۈزىدە ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقى بەختى ۋە تېنچلىقىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى.

ئەسلىدە ئۇلار ئىزدەۋاتقان بەخت ۋە تېنچلىق ئۇلارغا ئىشەنچ - ئىمانىنى بېرىش بىلەن بىلىمدىن، ئىلىم - پەندىن مەھرۇم قىلمايدىغان، ئاخىرەتكە باغلاش بىلەن دۇنيادىن قۇرۇق قالدۇرمايدىغان، ئاسمان - كۆككە چېتىش بىلەن زېمىندىن ئايرىۋەتمەيدىغان ئۇلۇغ ئىسلام يىتەكچىلىكى قوينىدىلا تېپىلاتتى. ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ يىتەكچىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت، ئاڭ، پىكىر، قانۇن - تۈزۈم، ئەخلاق - ئىستىل قاتارلىق بارلىق ساھەلەردە سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، نەمۇنىلىك ھالدا مەيدانغا چىقىرىشى ئاستىدا چوقۇم ئۆزىنىڭ تىگىشلىك ئۈنۈمىنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئالەمشۇمۇل غايىلەرنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. دەل شۇنداق بولغاچقىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يىتەكچىلىككە بولغان ئېھتىياجى باشقا ھەركىملەرنىڭكىدىن كۈچلۈكراق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلار بۇ يىتەكچىلىكنى ئۆتەشكە ھەممىدىن بەك لايىق ۋە مۇناسىب كېلىدۇ. چۈنكى الله ئۇلارنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن گۇۋاھچى ۋە نازارەتچى «ياخشى

ئۇممەت» قىلىپ ئەۋەتكەن. دەرھەقىقەت، پەقەت مۇشۇ ئۇممەتلا ئەلنىڭ ھەرقانداق مۇشكىلىنى ئاسان قىلىشقا، ئۇنى ئۆزىنىڭ دۇنياۋى رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن قەد كۆتۈرگۈزۈشكە قادىر. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بۈيۈكلىكنى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنى دۇنيا ئەللىرىگە ئېلىپ چىقىشتا ئۆزىگە مۇناسىپ ھەمدە ئىلغار بولغان بىر ئېقىمنى تاللىۋېلىشى كېرەك.

ئۇلار تاللىۋالىدىغان بۇ ئېقىم بۈگۈنكى كۈندە خاتا ھالدا ئىسلام دىنى ساھەسى ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن ئورۇن ئىگىلەپ كېلىۋاتقان تارىخنى كۆشەش، ئۆز- ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش، غەربتىن كەمسىنىش، ئۆتمۈش ھەۋەسمەنلىكى، تار ئەمەلچىلىك، ئۇرۇش قاقلىق ئېقىمى قاتارلىق ئېقىملارنىڭ ھېچ قايسىسى بولماستىن بەلكى ئىسلام مەدەنىيلىك ئېقىمى بولىشى كېرەك. مانا مۇشۇ ئېقىملا ئىسلامىيەتنى ئىلغار بولغان بىر مەدەنىيەت يىتەكچىلىكى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئۇ ئەتراپلىق بولۇش، يارقىنلىق، نورماللىق، بىر پۈتۈنلۈك، مۇكەممەللىك، چوڭقۇرلۇق تەرەپلىرىدە ئەڭ ياخشى ئاساس ۋە ئالاھىدەلىكلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىغان. ئادەتتە بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئىسلام ئارىلىق (مۆتىدىللىك) ئېقىمىمۇ دەل شۇنى كۆرسىتىدۇ. مەن بۈيۈك پەرۋەردىگاردىن ئۇممىتىمىزنى بۈيۈكى ئەسىردە ئېلىپ بېرىلىدىغان دۇنياۋي ئىلاھىي يىتەكچىلىكنىڭ ھۆددىسىدىن لاياقەتلىك چىقىشقا مۇۋەپپەق قىلىشىنى ۋە شۇئارقىلىق ئىسلام دىنىنى پۈتكۈل دۇنياغا رەھمەت، ئاداشقان، تېگىرقىغانلارغا توغرا يول قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمەن. الله ئۆزى خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

— يۈسۈپ قەرەداۋىي

2004 - يىل، سىنتەبىر، قاھىرە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# غەرب مەدەنىيىتىدىكى يۈكسەك ماددىي تەرەققىيات

بۈگۈنكى كۈندە پۈتكۈل دۇنيانى قاپلاپ ئۈلگۈرگەن غەرب مەدەنىيىتى يەتكەن تەرەققىيات پەللىسىگە تارىخ داۋامىدا باشقا ھېچ قانداق بىر مەدەنىيەت يېتىپ باقفان ئەمەس. دەرۋەقە، بۇ مەدەنىيەت پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىدا يۇقىرى پەللىگە چىقتى. كىشىلەر تۇرمۇش دائىرىسىنىڭ زامان، ماكان جەھەتتە كۆپ تارىيىشى، كۆڭۈل ئېچىش، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، ئاسانچىلىق ئىمكانىيەتلىرىنىڭ تولۇپ تېشىشى، كىشىلەرنىڭ پەقەت كۇنۇپكا بېسىشقا تايىنىپلا نۇرغۇن ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىشۋاتقانلىقى، بەلكى كۇنۇپكا ئىشلىتىشمۇ ئەمەلدىن قېلىشقا باشلاپ، ئادەم ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگە ئىشىك ئۆزلىكىدىن ئېچىلىشلار، جۈمەك ئاستىغا قول تۇتۇش بىلەن تەڭ سۇ چۈشۈشلەردىن تارتىپ بىز ھەركۈن، ھەرجايدا ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن ئىشلاردا بۇ تەرەققىياتنىڭ ئىپادىلىرىنى كۆرەلەيمىز.

ئىنسانلار ئالىبۇرۇن ئالەم بوشلۇقىغا يۈرۈش قىلىشنى باشلاپ، ئۆزلىرى ياسىغان سۈنئىي ھەمراھ، ئالەم ئۇچقۇرى قاتارلىقلارنى ئاسمانغا چىقاردى. ئۇلار ئاي شارىغا چىقىپ ئۇنىڭدىكى تۇپراق ۋەتاغ جىنسلىرىدىن ئەۋرىشكىلەرنى ئېلىپ كېرىپ ئۇلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ـ ئانالىزلارنى ئېلىپ باردى. ئۇلار نۆۋەتتە يەنە ئالەم بوشلۇقىدىكى ۋېنىرا، مارسلاردىنمۇ باشقا

يىراق سەييارە ـ يۇلتۇزلارغىچە يۇـرۇش قىلىشىنىڭ تەييارلىقىدا تۇرماقتا.

دېمەك، دەۋرىمىزدىكى ماددىي پەنلەر ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ھەرگىز تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ، ئەگەر بۇ تەرەققىيات نەتىجەلىرىنىڭ 100 دىن بىرىنى بىزدىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەنلەرنىڭ بىرەرسى ئاڭلىغۇدەك بولسا، ئۇ بۇ گەپنى قىلغان ئادەمنى گەپ يوقلا ساراڭغا چىقىرىشى مۇمكىن. ھالبۇكى بولۇۋاتقان بۇئىشلارنىڭ بەرى ئۇلۇغ الله سۈرە نەھلىنىڭ 8 ـ ئايىتىدە: «الله يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇيارىتىدۇ» دېگىنىدەك ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىشلاردۇر.

## غەرب مەدەنىيەتى ئىنسانىيەتكە ئالىپ كەلگەن بەختسىزلىك

بۇيەردە مۇنداق بىرسۇئال جىددىي جاۋاب كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇ بولسىمۇ ئىنساننى ئاي يۈزىگە ئېلىپ چىقالىغان ئاشۇ ئىلىم ـ پەن ئۇلارنى زېمىن يۈزىدە بەختكە ئېرىشتۈرەلىدىمۇ؟ ئاچچىق ئەمەلىيەت بۇنىڭغا ‹‹ياق›› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. چۈنكى غەرب دۇنياسى چۈشەنچىسىدىكى نوقۇل ماددا بىلەن چەكلەنگەن، ئىنسانغا تەن راھىتى بېرىشتىن باشقا كۆڭۈل ـ قەلب راھىتى، روھى ھۇزۇر بېرەلمەيدىغان بۇ ئىلىم ـ پەن گەرچە ئادەملەرنى بەلگىلىك ماددى پاراۋانلىق، باياشادلىققا ئېرىشتۈرگەن بولسىمۇ ئۇلارغا ھەقىقى تېنچلىقنى بېرەلمىدى. ئىلىم ـ پەن ئۇلارغا تۇرلۇك ۋاستە ـ قوراللارنى تەل قىلىپ بەردى ـ يۇ ئەمما ئۇلارنى ئۇلۇغۋار غايە ـ نىشانلار بىلەن تەمىن ئېتەلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ماددىغىلا بېقىنىپ قالغان بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىگىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېشى پال ـ پال ئىچى غال ـ غال ھالدا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىنى سىرتى چاقچۇق ، كاھىشلار بىلەن ۋال ـ ۋۇل قىلىپ بىزەلگەن، ئەمما ئىچىدە چىرىگەن سۆڭەكتىن باشقا نەرسە يوق كاتتا زاتلار قەبرىگاھىغا ئوخشۇتۇش مۇمكىن. ئەنە شۇنىڭغا يارىشا بۇ مەدەنىيەتتە ياشاۋاتقانلار تىنىمسىز تەشۋىش، ئەنسىزلىك، قورقۇنچ، ئۈمىدسىزلىك، روھى غېرىبلىق، بۇرۇختۇرمىلىق تۇيغۇسىدا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا نە بىرەر تىلغا ئالغۇدەك ئۇلۇغ غايە ـ نىشان ۋە نە بۇرچ، ئىستەك بولمايدۇ. مانا بۇ ھالدا ياشاۋاتقان ئادەملەر ئىچ ـ ئىچىدىن تۈگەشمەي، ۋەيران بولماي نېمە بولماقچى؟ ئەھۋال شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ جايلاردا روھى، ئەسەبىي (نېرۋالىق) كېسەللىكلەر دوختۇرخانىلىرىنىڭ يىلسىرى كۆپىيىپ بېرىۋاتقانلىقى، ھەتتا بۇنداق دوختۇرخانىلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ داۋالانغۇچىلار، بىمارلار ئېھتىياجىنى قامدىيالمايلا قالماي، ئۇلاردا داۋالانغان بىمارلارنىڭ كۈتكەندەك ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەي، تۈرلۈك ئەسەبىي، روھىي كېسەللىكلەر ئىسكەنجىسىدە قىينىلىۋاتقانلىقىدىن ھەيران قالماسلىق كېرەك. بۇ مەدەنىيەتتىكى ئەخلاقىي چىرىكلىك، روھىي ئازاب، ئائىلە پاراكەندىچىلىكى، ئەقلىي نورمالسىزلىق، ئىجتىمائىي بۆلۈنۈش، ئادەمنى يۈرەكئالدى قىلىپ قويىدىغان دەرىجىدە يامراپ كەتكەن جىنايەتچىلىك ئەھۋاللىرىدىن ئۇلارنىڭ جېنى جاق تويماقتا.

غەرب مەدەنىيەتىدىكى شەخس ئەركىنلىكىنىڭ بىر ئادەم پەقەت باشقىلارغا چېقىلمىسىلا نېمە قىلسا بولىۋېرىدىغان چېكىدىن ئاشقان ئەركىنلىك بولۇپ قىلىشى بۇ مەدەنىيەتتىكىلەرنىڭ تەبىئىتىنى كاردىن چىقارغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆڭلى تارتقانلا ئىش بولسا ئاشۇرۇپ قىلمىغۇچە بولدى قىلمايدىغان ھەۋەس تەلۋىلىرىگە ئايلانغان. ھالبۇكى

ئىنساندىكى كۆڭۈل ئىستىكىنى تەلتۆكۈس قاندۇرۇش ھېچقاچان مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئۇ قانچە قاندۇرغانسېرى شۇنچە ئېشىپ بارىدىغان نەرسىدۇر. دۇنيادا مۇتلەق ئەركىن بىرمۇ نەرسە يوق. بىز دېڭىز- ئوكيانلاردىكى پاراخوتلارنى دېمەيلى، ياكى ھاۋا بوشلۇقىدىكى ئايروپىلانلارنى دېمەيلى ھەممىسىنىڭ بەلگىلىك لىنىيەسى بولىدۇ. ئادەتتە ئۇلار شۇ لىنىيەدىن چىقىپ كەتكەن كۈنى كۈتۈلمىگەن ئاقىبەتلەرنىڭ يۈزبېرىشى تۇرغانلا گەپ. بىمەنە ئەركىنلىكنىڭ ئەلۋەك باغرىغا ئايلانغان بۇ مەدەنىيەت ئۆز نۆۋىتىدە پەقەت ئىنسانىيەت ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزۈپلا قالماي، بەلكى ئەتراپىمىزدىكى كەڭ تەبىئەت ۋە مۇھىت ساپلىغى ئالدىدىمۇ ئېغىر جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدى. ئۈنىڭدىكى سانائەت گازلىرى ۋە چىقىندىلىرى، تىنىمسىز ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يادرو رېئاكسىيىسى ۋە ئۇنىڭ يادرو زەھەرى قالدۇقلىرى، ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرگە قىلىنىۋاتقان خىمىيىلىك زىيانكەشلىكلەر بىلەن مۇھىت ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاندى. ئاتالمىش گىن تېخنىكىسى ئېلىپ كەلگەن زىيانلىق تەسىرلەرمۇ ئاز بولمىدى. پەن- تېخنىكا مەستانىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ نەتىجىلەر خۇددى بىر «غالجىر كالا» نىڭ قىلىقلىرىغا ئوخشاپ قالدى. مەن بۇلارغا يەر شارىنىڭ كۈنلۈكى بولغان «ئوزون قاتلىمى»نىڭ تېشىلىشى سەۋەبلىك پەيدا بولغان ئېكولوگىيەلىك تەڭكەشلىكنىڭ بۇزۇلۇشىنىمۇ قوشۇپ قويماقچىمەن. مانا بۇ ئەلەملىك رېئاللىق ئالدىدا بۇندىن كېيىن نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلماق قىيىن.

ئوخشاپ قالۇر ھەربىر تۈن ئېغىرئاياق ئايالغا،
تاڭ ئاتقىچە تۇغار ئۇ كەلمىگەننى خىيالغا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تارقاتقۇچىسى

ئەمەلىيەتتە، بۇلار، ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ۋە تەبىئەت دۇنياسى ئۈستىدە ئىلىپ بارغان ئىشلىرىدا ئۆزىنى خۇددى قىلغان - ئەتكىنىدىن سوراق ئىلىنمايدىغان ئىلاھ چاغلاپ قىلىشىدىن بولدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ بۇيۇك بىر ياراتقۇچىنىڭ ھەر بىر ئىش - كۈشىدىن سوراق بىرىدىغان، نازارەت ئاستىدىكى بەندىسى، مەخلۇقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشى ھامان ئۆز پەرۋەردىگارى ئورناتقان تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ۋە شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىگە ئاشلىق بويسۇنۇشى ئارقىلىق بولاتتى.

## غەرب مەدەنىيەتىدىكى كۆلپەتنىڭ سىرى

ھازىرقى زامان غەرب مەدەنىيتى قوينىدا ياشاۋاتقانلار چېكىدىن ئاشقان، كۆلپەتلەرنىڭ بىردىن - بىر سەۋەبى بۇ مەدەنىيەت اللە نى ئۇنتۇپ قالغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز جىنىدىن مەھرۇم بولغان. ئۇنىڭدا تەن بارۇ لېكىن جان يوق. ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، چوڭلا جانلىق، پىل تەنلىك بىرنەرسە بولۇپ قالغان.

بىر قېتىم ھىندىستاننىڭ داڭلىق شائىرى تاگور بىر غەرب مۇتەفەككۇرىگە شۇنداق دىگەن ئىكەن: «توغرىسىنى ئېيتقاندا، سىلەر غەربلىكلەر ھاۋادا خۇددى قۇشلاردەك ئۇچالىدىڭلار، دېڭىزلاردا بېلىقلاردەك ئۈزەلىدىڭلار، بىراق شۇنداقتىمۇ سىلەر تېخىچە زېمىن ئۈستىدە ئىنسانچىلاپ مېڭىشنى قاملاشتۇرالمايۋاتىسىلەر»

مانا بۇ بىر شەرق ئەربابىنىڭ غەربلىكلەر توغرىسىدىكى ئاچچىق مەسخىرەسى بولسا، بىز بۇنىڭغا تەڭكەش ھالدا دەل

غەربلىكلەر ئىچىدىن غەرب مەدەنىيىتىدىكى روھىي چۈۋالچاقلىقتىن دادلاۋاتقانلارنى ھەمدە بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئۇلارنى تۈگەل ماددىيلىشىپ كەتكەن، پايدا، ئاقچا پەرەس، شەھۋانىي، ئادەمگە ئەندىشە، قورقۇنچىدىن بۆلەك نەرسە بېرەلمەيدىغان يىرگىنىشلىك تۇرمۇشقا چەك قويۇشقا چاقىرىپ، ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بېرىۋاتقانلارنىمۇ كۆرىمىز.

## غەرب ھەر ساھە ئەربابلىرىنىڭ ئىنكاسلىرى

غەربنىڭ نۇرغۇن ئالىم، پەيلاسوپ، پېداگوگ، ئەدىب، سىياسىئۇن ۋە باشقا ئەربابلىرى غەرب مەدەنىيىتىدىكى ماشىنىلىشىش، سانائەتلىشىش دولقۇنى ھەمدە ماددىي ئىستېمالپەرەسلىك تۇرمۇشنى ئۈزلۈكسىز تەنقىت قىلىشماقتا. تۆۋەندە بىز ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە نېمە دەيدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى، ئامېرىكىلىق مەشھۇر پەيلاسوپ جون دەيۋى مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم - پەننىڭ ھەممە ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان قىممەت قاراشلارنى ۋەيران قىلىشىغا قاراپ تۇرىدىغان، ئەكسىچە، ئىلىم - پەن تۈرتكىسىدە يېڭى قىممەت قاراشلارنى يارىتىش ئىقتىدارى بولمىغان مەدەنىيەت ئۆز ئۆزىدىن گۇمران بولىدىغان مەدەنىيەتتۇر»

ئەنگىلىيەنىڭ ھازىرقى زامانقى ئەڭ داڭلىق تارىخچىسى ۋە مۇتەفەككۇرى بولغان تويىنبى ئەپەندىنىڭ ئامېرىكا يازغۇچىسى كولىن ۋىلسوننىڭ «مەدەنىيەتنىڭ ۋەيران بولىشى»ناملىق كىتابىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بۇ سۆزى يۇقارقى نوقتىنى تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «سانائەت پەنلىرىنىڭ ئادەملەرنى ئۆزىگەقاتتىق رام قىلىۋېلىشى بىلەن ئۇلار سانائەت پەنلىرىنىڭ پىدائىي قۇربانلىرىغا ئايلاندى. شۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇلار كونا چىراغلار ئورنىغا يېڭى چىراغلارنى سېتىۋېلىشتى، ئۇلار ئۆز روھىنى سېتىۋېتىش بەدىلىگە كىنو، رادىئولارغا ئېرىشتى. مانا بۇ خىل مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقىنىڭ نەتىجىسى ئەپلاتون تەسۋىردىكى «توڭگۈزلار جەمئىيىتى» ۋە ياكى ئالدوس ھىكسلى تەسۋىردىكى «يېڭى تىپتىكى دۇنيا» دا بولىدىغان روھى پۇچەكلىك بولۇپ قالدى، خالاس» تويىنبى ئەپەندى بۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا غەرب جەمئىيىتى ئۆز دىققەت مەركىزىنى ئىقتىساد ساھەسىدىن دىنى ساھەگە بۇرىغاندىلا بۇ كىرزىستىن قۇتۇلالايدۇ، دېگەننى ئالغا سۈرىدۇ.

يەنە ئۇلاردىن ئامېرىكىلىق داڭلىق ئەدىب جون ستاينىك دوستى ئادلار ستىۋېنسونغا يازغان بىر خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكا ئېلىدىكى مەنۋى پاجىئەنى ئۇلاردىكى ماددىي بايلىقنىڭ كۆپلىكى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. دىمىسىمۇ ئامېرىكا بايلىقى مول بىر ئەل. بىراق ئۇنىڭدا شۇنىڭغا يارىشا روھى ساپا يوق. شۇ تاپتا بىز بىزنى بايلىق بىھۇشلىقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان قاتتىق بىر زەربىگە مۇھتاج بولىۋاتىمىز. بىز تەبىئەتنى يەڭدۇق دېگەن بىلەن ئۆز- ئۆزىمىزنى يېڭەلمىدۇق» بۇلارغا يانداش ھالدا گېرمانىيە شائىرى بىروشىرت سانائەتلەشكەن مەدەنىيەت قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تىراگېدىيىلىك ئەھۋالىنى ئىپادىلەپ شۇنداق دەيدۇ: «بىز خۇددى مۇئەللەقتە قالغان، نە تايانچى ۋە نە ئاساسى يوق بىر ئەۋلاد بولۇپ قالدۇق، بىزنىڭ ئاستىمىزدا بولسا تەگسىز كەتكەن ھاڭ بار، بىزدە دىن يوق، بىزگە ئارام يوق، قۇياش نۇرى بىزگە يېتىشمەيدۇ، بىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىمىز ۋەھشىيلىك، ياۋايىلىق، ياشلىرىمىزدا ياشلىق تېپىلمايدۇ، بىز مانا مۇشۇنداق بىر توپ تاپسىز، تىزگىنسىز، تۇترۇقسىز ھەمدە ھىمايىسىز بىرئەۋلاد بولۇپ قالدۇق»

يەنە فىرانسىيىلىك مۇتەفەككىر جارودىي ئۆزىنىڭ تۈركۈم كىتاپلىرى ۋە لېكسىيىلىرىدە غەرب مەدەنىيىتىگە كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىپ، بۇ مەدەنىيەتنى «پىرئەۋن مەدەنىيىتى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭچە بۇ مەدەنىيەتتە بىلىم بولغان بىلەن ھېكمەت ، قىممەت يوق . ئۇنىڭدا قورال ـ سايمانلارغا كۆڭۈل بۆلۈنۈپ ئىنسان ئۇنتۇپ قېلىنغان، بولۇپمۇ خۇدانىڭ بىرلىكى ئورنىغا بازار بىرلىكى، دوللار ئىلاھچىلىقى ئاساس قىلىنغان ئامېرىكا مەدەنىيىتى تېخىمۇ شۇنداقراق. بۇ مۇتەفەككىر دەل مۇشۇ تېمىنى چۆرىدەپ «ئامېرىكا چۈشكۈنلۈكىنىڭ ئاۋانگارتى» ناملىق بىر كىتابمۇ يازغان. ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىك تارىخى ئۇنىڭ ئامېرىكا مەدەنىيىتى توغرىسىدا دېگەنلىرىنىڭ چىنلىقىغا ھەرگىز تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. جارودىي ئەپەندىگە ئوخشاش تەسىرات ۋە ھۆكۈملەردە بولغان ھەممە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مۇسۇلمان بولغانلاردىن لېيوپولد فايىس ياكى مۇھەممەد، ئەسرىنىيە گىنو ياكى ئەبدۇرەھمان يەھيالارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

ئامېرىكىنىڭ سىياسىي مۇنبىرىدىكىلەردىن بۇ ساھەگە جىددىي كۆڭۈل بۆلگەن بىر ئەرباب بار. ئۇ بولسىمۇ زۇڭتۇڭ ئېزىنخاۋېر دەۋرىدە ئامېرىكىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولغان جون فوستېر داللاس ئەپەندىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئۇرۇشمۇ ياكى تىنچلىقمۇ؟ » ناملىق كىتابىنىڭ «بىزنىڭ روھىي ئېھتىياجلىرىمىز» دېگەن بىر بابىدا ئامېرىكا ئېلىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى توغرىسىدا مەخسۇس توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ: « بىزنىڭ ھازىر ماددىي ئېھتىياجلاربىلەن ئىشىمىز يوق، چۈنكى بىزدە ماددىي مەھسۇلاتلار ئىشلەپ چىقىرىشتا دۇنيا بويىچە ئەڭ زور ئىمكانىيەت مەۋجۇتتۇر. بىزگە ھەقىقىي كەملىك قىلىۋاتقىنى ساغلام ۋە كۈچلۈك بولغان ئىمان بولۇپ قېلىۋاتماقتا. بىزدە ئەگەر ئىمان بولمايدىكەن بىز ئىگە بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرغان بارلىق نەرسىلەر ئەرزىمەس نەرسىلەر دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ كەملىكنى سىياسىئۇنلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى، دىپلوماتلارنىڭ چىۋەرلىكى، ئالىم، ئىختىراچىلارنىڭ كەشپىياتلىرى، ۋەيران قىلىش كۈچى زور بومبىلارمۇ تولدۇرالمايدۇ» ئۇ، بۇ كىتابىدا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ۋىلسۇننىڭ ۋاپاتىغا يېقىن قىلغان مۇنداق بىر سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن: «يېغىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ نۆۋەتتىكى مەدەنىيىتىمىز كۈچلۈك بىر روھىي ئاساسقا ئىگە بولمىغۇچە، پەقەت ماددىي ساھەگە تايىنىپلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ»

مانابۇلار غەرب ئاقىللىرىنىڭ سەممىي ئېتىراپى ۋە ھەققانىي يەكۈنلىرى.

## غەرب مەدەنىيەتىدەكى ئىلىم-پەن كىشىلەرگە بەخت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ؟

زامانىمىزدىكى غەرب مەدەنىيەت مۇھىتىدا ياشاۋاتقانلار نىمە ئۈچۈن تىنىمسىز ئاھ ـ زار چېكىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن ئۇلار ھەدىسە ئۆز بەختسىزلىكى ۋە تۇرمۇش مەنىسىزلىكىدىن قاقشايدۇ؟ بۇنىڭدىكى تۈپ ئامىل شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، گەرچە تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن كاتتا نەتىجىلەر كىشىلەر تۇرمۇش تەرزىنى ئۆزگەرتىپ ، يىراقنى يېقىن ، قىيىننى ئاسان قىلغان بولسىمۇ، بىراق، بۇلار ئىنسانلارنىڭ ھەقىقى بەخت تەلىبىنى قاندۇرالمىدى. ئىنسانلار يەنە داۋاملىق تۈردە تۈرلۈك بەختسىزلىك ، غەم ـ قايغۇ، ئوڭۇشسىزلىق تەقدىرىدىن قۇتۇلالماي كەلدى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى ئىلىم ـ پەن ئىنسانلارنى قىيىن تەقدىردىن قۇتۇلدۇرىدىغان نىجاتكار بولۇشتىن ئاجىز كەلدى ۋە كەلمەكتە.

# ئۇلار پاجىئەنى كۆرۈپ يەتتى

دۇنيا ئىلىم چولپانلىرىنىڭ بىرى، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىنسىكلوپېدىك ئالىم ئالىكس كارىل نۆۋەتتىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئەھۋالىنى جىددىي تەھلىلدىن ئۆتكۈزۈشنى مەزمۇن قىلغان «ئىنسان ئېچىلمىغان بىر سىر» دېگەن ئۆلمەس ئەسىرىدە شۇنداق يازىدۇ: «بىزنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بىلەن ماسلىشىشىمىز قىيىن بىرئىش بولماقتا. چۈنكى بۇ مەدەنىيەت پەقەت ئىلمىي كەشپىيات يارىتىش قىزغىنلىقى، ئادەملەرنىڭ ھەۋەس- قىزىقىشلىرى، تۈرلۈك تېئورىما، قانۇنىيەتلەر ئاساسىدىلا مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا بىز ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي تەبىئىتى نەزەرگە ئېلىنمىغان. گەرچە، ئۇ بىزنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقىمىز بىلەن مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا بىزنىڭ ئۆز ئەھۋال ۋە ئالاھىدىلىكىمىز بىلەن زادىلا چىقىشالمايدۇ»

ئۇ يەنە شۇنداق دەيدۇ:

« بىز ئىنسانلارنى فىزىكا ۋە ئاسترونومىيە ئالىملىرى پەيدا قىلغان تۈگۈمەس تەبىئىي پەن ساۋاتلىرىنىڭ يۈكىدىن ئازات قىلىشىمىز كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللۈنۈش دەۋرىدىن بۇيان ئىنسانلار ئاشۇ تەبىئىي پەن بىلىملىرى ئىچىگە قامىلىپ قالدى. مېنىڭ بۇنداق دېيىشىمنىڭ سەۋەبى ئالەمشۇناسلىق پەنلىرىدىن ئىبارەت تۈگەل ماددىي شەيئىلەرنى چىقىش قىلىدىغان بۇ دۇنيا ھېچ قاچان ئىنساننى بىرپۈتۈن ھالدا ئۆزىگە سىغدۇرالمايدۇ. ئىلىم - پەننىڭ بۇ چەكلىمىلىكى خۇددى ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتلىرى ئۇلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرسىمۇ، مەنىۋىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالمايدىغان چەكلىمىلىكگە خويمۇ ئوخشايدۇ»

ئۇ كىتابىنى مۇنۇ سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇدۇ: «بىزنىڭ روھىي ئىسلاھات ھەركىتىگە ئاتلىنىدىغان پەيتىمىز كەلدى. لېكىن بىز بۇنىڭغا تېخى كونكرېت پىلان تۈزمىدۇق، ئۇنداق قىلساق بىز پىلانلار رامكىسى ئىچىدە چەكلىنىپ قېلىپ ئەسقاتارلىق ھەقىقەتلەرگە ئۇچرۇشۇشتىن مەھرۇم قىلىشىمىز ھەمدە ئۇنداق مۇقىملاشتۇرۇۋېتىلگەن لايىھە - رىجەلەر بىزنىڭ ئويلاپ باقمىغان يېڭى ئىشلارغا يولۇقۇشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىشى ھەمدە كەلگۈسى مەنزىرە بىزنىڭ ئېڭىمىز دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قىلىشى مۇمكىن». دۇنيا بىئولوگىيە ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ بىرى، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن فىرانسۇز نەسەبلىك ئامېرىكا گىراژدانى رىنىيە دوبو ئالېكسىس كارىلنىڭ يۇقارقى كىتابىغا كۆپ يېقىن تۇرىدىغان «ئىنسان دېمەك ھايۋان دېمەك» (HumanSoan Animal) ناملىق بىر كىتابىنى يېزىپ نەشرقىلدۇرغان. ئۇ بۇ كىتابىدا شۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەدېسىلا ئۆزىمىزنىڭ ئىلىم - پەن دەۋرىدە ياشاۋاتقانلىقىمىزدىن ماختىنىمىز. بىراق، ئەمەلىيەتتە بولسا ئىلىم - پەن ساھەسىدە، كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىمىزدەك ئىلمىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىش - ئەمەللىرىنى رەتكە سېلىشتا دېيەرلىك پايدىسى تېگىدىغان بىرنەرسە بولۇشىغا يول قويۇدىغان نورماللىق يوق. بىزمادىدا توغرىلىق كۆپ ئۇچۇرلارنى توپلىدۇق، سىرتقى دۇنيادىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇشقا كىتەرلىك كۈچلۈك تېخنىكىلارغا ئىگە بولدۇق، بىراق شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇ كارامەت ۋە ماھارەتلىرىمىزنى قالايمىقان ئىشلىتىشىمىزدىن پەيدا بولغان ئاقىبەتلەرنى قانداق بىرتەرەپ قىلىش ئالدىدا تېخى نادانمىز. كۆپ چاغلاردا بىز خۇددى زىمىن

يۈزىدە ياشايدىغان ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قالىدىغاندەك، ئاقىبەتنى ئويلاشماي ئىش قىلماقتىمىز»،

«كۆپچىلىك كىشىلەر ياشاپ كېلىۋاتقان بىنورمال تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۇلاردىكى ئەقلىي ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئىقتىدار، ئىمكانىيەتلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئامىللارنى تۇنجۇقتۇرۇپ تاشلىماقتا».

«كۆپلىگەن مۇتەفەككىر ۋە ئاقىللار قىممەتلىك ئۆمرىنى يىرگىنىشلىك ئىجتىمائىي سورۇن ۋە مۇھىتلاردا بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىپ بارغان بالىلىرىنىڭ كىلەچىكىدىن قايغۇغا چۈممەكتە، بىز ھېچ نىمىنى ئويلاپ ئولتارمايلا بالىلىرىمىزغا ئۇنداق سورۇنلارنى ئۆزىمىز تەييارلاپ بەردۇق. بۇيەردە ئادەمنى ئەڭ بەك چۆچىتىدىغىنى شۇكى، ئادەملەرنىڭ ئىدىيىۋىي ۋە جىسمانىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەنە شۇ بۇلغانغان مۇھىت، زىچ كەتكەن كوچىلار، ئاسمانپەلەك بىنالار، چېكىدىن ئاشقان چىرىك مۇناسىۋەت ۋە ئارىلىشىشلار، ماددىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئادەمگە سەل قارايدىغان ئىجتىمائىي ئادەتلەر بەلگىلەيدىغان بولۇپ كەتتى»،

«ئىككى ئەسىرچە ۋاقىتتىن بىرى غەربلىكلەر ئۆز كىرزىسلىرىدىن پەقەت پەن- تېخنىكا كەشپىياتچىلىقىغا تايىنىپ قۇتۇلۇشنى ئويلاپ كەلدى، دىمىسىمۇ پەن- تېخنىكا يىڭىلىقلىرى ئۇلارنىڭ ماددىي بايلىقىنى كۆپەيتتى، تەن ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈردى، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەڭ كېرەكلىك بولۇۋاتقان بايلىق ۋە ساغلاملىقتا ئەسلا ئېرىشىپ باققىنى يوق»،

«بىز تەبىئىي پەنلەر ئارقىلىق ئالەم بوشلۇقىنىڭ چەك - چىگراسى ياكى دۇنيانىڭ ئەڭ دەستلەپكى ھالىتىنى بىلمەكچى بولغانلىرىمىزدا، ھەل قىلىش قىيىن بولغان زىددىيەتلىك

www.uyghurkitap.com

مەسىلىلەرگە يولۇقتۇق. بۇمۇ يەتمىگەندەك، ئىلىم ـ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىرتالاي ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى پەيدا قىلدى. ئىلىم ـ پەن ئالىملىرى بولسا بۇئىشلار بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى. ئۇلارچە بولغاندا، پەن ـ تېخنىكا ئەخلاق بىلەن باغلىنىشى يوق بىر خىل قورالدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئىشلەتكىلى بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ھالاكىتىگىمۇ ئىشلەتكىلى بولاتتى. ئىلىم ـ پەن بارلىق ئىلمى تۈگۈنلەرنى يېشىشكە قادىر دىگەن قاراشنى دەل شۇ ئىلىم ـ پەننىڭ كونا مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش جەريانىدا يەنە تالايلىغان يېڭى چىگىشلىكلەرنى پەيدا قىلىۋاتقان رىئاللىقى تۈپتىن ئىنكار قىلىپ تاشلايدۇ» ئامېرىكىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بولغان ئىستىۋارت ئۇدال ئۆزىنىڭ «ئامېرىكا تەرەققىيات خۇراپاتلىقىنى يېڭەلەمدۇ؟ » دىگەن نۇتقىدا تولىمۇ باتۇرلۇق بىلەن شۇنداق دىگەن ئىدى: «بىز بۇگۈنكى كۈندە (ماشىنا) ئادەمنى ياساپ چىقالىغان ئامېرىكىنى ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا يەر شارى ئۈچۈن بىرئاپەت دىيەلەيمىز. بىز دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەتتە يوق ماشىنا ۋە تۆمۈر ـ تەسەكلەر زاپىسىغا ئىگىمىز. بىزدىكى ئاھالە زىچلىقى ۋە قاتناش قىستاڭچىلىقى ھېچ يەردە يوق. بىز زور دەرىجىدە ئېنېرگىيە چىقىرىمىز. بىزدىكى مۇھىت بۇلغىنىشى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېغىر»

ئۇنىڭ بۇ كىتابىدا يەنە شىتات باشلىقى كىلىفلەند ئەپەندىنىڭ مەسخىرىلىك ھالدا دىگەن مۇنداق بىر سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ: «ئەگەر بىز تىزدىن ھۇشىمىزنى تاپمايدىغان بولساق، تارىخ بىزگە ئۆزىمىزنىڭ ئىككى تىزغىچە گەندە ـ نىجاسەتكە پاتقان ھالدا ئاي شارىغا قاراپ ئۈچۈۋاتقان ئادەملەر ئىكەنلىكىمىزنى ئېسىمىزگە سېلىپ قويىدىغان كۈنگە جىق قالمىدى»

يۇقارقىلار قاتارىدا يەنە ئامېرىكىلىق داڭلىق پسىخولوگ، دوكتۇر ھىنرى لانك ئەپەندى ئىلىم - پەن ۋە پىكىرگە ھۆرمەت قىلىش نامىدا كۆرۈنمىگۈ شەيئىلەر (غەيب) گە ئېشىنىشكە قارشى تۇرۇدىغان كىشىلەرگە قارشى ھالدا، نوقۇل ئىلىم - پەنگە تايىنىۋالغاندا ئىنسانلارغا تېگىشلىك بولغان بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ شۇنداق دەيدۇ: «ھازىرقى ئىلىم ساھەلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئەقلىيلىك ۋە پىكىرنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇۋېلىشتىن ئىبارەت ئازغۇنلۇقنىڭ بازىرى قىزىپ قالدى ، مانا شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بىز پسىخولوگلار روھتىن مۇستەسنا ھالدا، نوقۇل ئەقىل، پىكىرگە تايىنىپ ئىش قىلىشنىڭ ئىنسان بەخت - سائادىتىنى تۈگەل ۋەيران قىلىپ تاشلايدىغانلىقىنى ئومومىيۈزلۈك ھالدا تونۇپ يەتمەكتىمىز. بىز ئىلمى تونۇش ۋە مەلۇماتلىرىمىزنى بېيىتىش يولى بىلەنلا ھاياتنىڭ ئېغىر قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ۋە بەخت بۇلاقىدىن سۇئىچىشكە مۇيەسسەر بولالمايمىز. ئىلىم - پەننىڭ تەرەققى قىلىشى چىگىشلىك، مۇرەككەبلىكلەرنىڭ كۆپىيىشى، قايمۇقۇشلارنىڭ ئاۋۇشى دىمەكتۇر، ناۋادا بارلىق ئىلىم - پەن ساھەلىرى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كونكىرت ھەقىقەتلەرتۇغى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا بوي سۇندۇرۇپ ئېلىنمايدىكەن، بۇ بىلىملەر ئۆزلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئاشۇ ئەقللەرنى ئازات قىلىش، يۈكسەلدۈرۈش ئورنىغا ئۇلارنى تۆۋەنلەش، بۇزۇلۇشقا ئېلىپ بارىدۇ، بىز ئالغا سۈرۈۋاتقان بۇ ئۇيۇشتۇرۇش سۆزسىز ھالدا ئىمان يولى بىلەن بولىشى كېرەك».

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچىك ئادرېسى

## غەرب ئىلىم-پەنى دىنىدىن ئايرىلىپ قالغان

مەن غەرب ئالىملىرىنىڭ يۇقاردا دىگەنلىرىگە تۆۋەندىكىلەرنى قوشۇمچە قىلماقچىمەن: غەربتىكى ئىلىم - پەن تونۇشلۇق تارىخى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دىندىن خالى ھالدا بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققى قىلغان بولۇپلا قالماي بەلكى باشتىن تارتىپ دىنغا قارشى تۇرۇش مەيدانىدا تۇرغان. ئۆز دەۋرىدە غەرب چىركاۋ ئەھلى ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا مىسلى كۆرۈلمىگەن دۈشمەنلىكلەرنى قىلغاندىن كىيىن ئىلىم - پەنمۇ چىركاۋ ئەھلى ۋە چىركاۋ ئەقىدەلىرىگە بىقىنمىغان ھالدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل يولىغا ماڭدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلىم- پەن ئالىملىرى دىن ئىلىم - پەن بىلەن چىقىشالمايدۇ دەپ قارايدىغان بولۇشتى، نەتىجىدە ئۇلار دىنىنىڭ تۈپ مەنبەسى بولغان الله دىنمۇ يۈز ئۆرۈشتى- دە، ماقالە، ئەسەرلىرى، ئىلمى نەتىجە، ئىزىشمىلىرىدە الله دىگەن بۇسۆزنى ئىغىزغا ئالمايدىغان بولۇپ كىتىشتى. غەربتىكى ئىلىم - پەن ۋە ئىلىم- پەنچىلەردە مانا شۇخىل ھالەت ۋەتونۇش ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى، شۇڭا ئۇلار تۈرلۈك تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى قانداقتۇر الله نىڭ ئالەمدە ئورناتقان تەرتىپ - تۈزۈمى دەپ بىلمەستىن بەلكى ئۇلارنى گاس تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى دەپ بىلىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئالىملىرى ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىغا ھىچ بىر نەرسىنى مانا بۇنى الله ياراتقان دىمەستىن بەلكى تەبىئەت ياراتقان دەپ كەلدى. ھالبۇكى تەبىئەت نىمىنى يارىتالايدۇ دەيسىز؟ ماھىيەتتە، بىز ئالەم ئارا كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بارلىق شەيئىلەر ۋەيارالمىشلار، زىمىنۇ- ئاسمانلار نىڭ بەرى «ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگەمۇناسىپ) شەكىل ئاتاقىلغان، (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلىرىنى ) كۆرسەتكەن» (تاھاسۈرىسى

50 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى) بۈيۈك ﷲ نىڭ ياراتمىشلىرىدۇر. بىز مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنىڭغا ئىشىنىمىز.

غەربلىكلەر ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ياخشىغىمۇ ئىشلەتتى، يامانغىمۇ ئىشلەتتى، پايدىلىق ئىشقىمۇئىشلەتتى، زىيانلىق ئىشقىمۇ ئىشلەتتى. ئۇلار پەن - تېخنىكائىختىرالىرىنىڭ ئىنسانىيەت ھالاكىتى ۋە ۋەيرانچىلىقىغا سەۋەبچى بولۇپ قىلىشىغا پەرۋا قىلىشمىدى. ئۆتكەن بىر ئەسىر ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىككى قېتىملىق زوردۇنياۋى ئۇرۇشتا ئىنسانلار پەن - تېخنىكا ۋاسىتىلىرىنى قانداق ئىشقا سالغانلىقىنى، ھەمدە بۇئۇرۇشتا نەچچە مىليون ئادەمنىڭ جېنىدىن ئايرىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ياپونىيىنىڭ ناگاساكى ۋەخىروسىمائاراللىرىغا ئاتۇم بومبىسى تاشلىنىپ قانداق پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى سىزگە سىر بولمىسا كېرەك. دىمەك، باشتىن - ئاخىرغىچە ئاشۇخىل جەريان ۋە يۆنۈلۈشتە كېتىۋاتقان بۇ ئىلىم - پەننى ھەرگىزمۇ ئىنسانىيەت بەخت - سائادىتىنىڭ تايانچى قىلغىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇخۇددى غەرب ئاقىللىرى ئەيتقاندەك ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئازاپ چېكىشىگە، روھي گادايلىققا پېتىشىغا سەۋەپ بولۇپ قالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# پەلسەپە ئىنسانىيەتنى بەختكە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ

زامانىمىزدىكى فىزىكا ۋە ماتېماتىكا پەنلىرى ئۆزىنىڭ شۇنچە زور تەرەققىياتىغا قارىماي ئىنسانىيەتكە بەخت ئېلىپ كېلەلمىگەن، ئۇلارنى مەۋجۇت ئازاپ ـ كۈلپەتلەردىن قۇتۇلدۇرالمىغان يەردە ھېچقاچان بىردەكلىككە، ئورتاقلىققا ئىگە بولمىغان رەڭگارەڭ ئېقىم ۋە «ئىزىم» لارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن پەلسەپە قانداق قىلىپ بۈگۈنكى ئىنسانىيەت ئۈچۈن بولۇپمۇ ھەرقايسى ماددىي ساھەلەردىكى تەرەققىياتتا كۆپ ئالغاكەتكەن غەربلىكلەرئۈچۈن ئۇلارنى ئاللاه: «ياكى ئۇلارنىڭ (ياخشى دەپ گۇمان قىلغان) ئەمەللىرى چوڭقۇردېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇ، ئۇنى (يەنى دېڭىزنى) قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارابۇلۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ. (مانا بۇ) قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاردۇر، (بۇقاراڭغۇلۇققا گىرىپتار بولغۇچى) قولىنى، ئۆزبارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ. ئاللاه نۇرئاتا قىلمىسا، كىم بولمىسۇن، نۇرنى كۆرەلمەيدۇ (يەنى ئاللاه ھىدايەت قىلمىغان ئادەم ھەرگىز ھىدايەت تاپالمايدۇ» دەپ سۈپەتلىگەن زۇلمەت دېڭىزىغا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالىدىغان نىجاتلىق كېمىسى بولالىسۇن. مەلۇمكى بارلىق (كائىنات) ھەقىقەتلىرىنىڭ ئەڭ بۈيۈكى بولغان ئاللاه نىڭ بارلىقى، بىرلىكى، ئۆزىگە خاس يىگانە كامالەت ئىگىسى ئىكەنلىكى ھەقىقىتىگە قارىتا پەلسەپەۋى تونۇشلار ھەرخىل بولۇپ كەلدى. بىربۆلۈك پەيلاسوپلار ئىلاھنى ۋە شۇنىڭدەك، سەزگۈدىن ھالقىغان بارلىق نەرسىنى ئىنكار قىلىشتى. ئۇلارئالەمدە ماددىدىن بۆلەك نەرسە يوق، ئەگەر بار دېيىلسە ئۇ ئەفسانە، توقۇلمىدىنلا ئىبارەت دەپ قاراشتى. يەنە بىر بۆلۈكلىرى بولسا دەل يۇقارقىنىڭ ئەكسىچە، كۆپ ئىلاھ

قارىشىنى ئالغا سۈردى، بۇنىڭدا بىرلىرى ئىنسانغا چوقۇنۇشنى تەرغىب قىلسا، بىرلىرى ھايۋانغا چوقۇنۇشنى، بىرلىرى بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تەرغىب قىلسا، بىرلىرى يۇلتۇزلارغا ياكى ئاللىقانداق بىرنەرسىلەرگەچوقۇنۇشنى تەرغىب قىلىشتى، ھەممە ھەربىرى ئۆزقاراشلىرىنى تۈرلۈك ئەقلى پاكىتلار بىلەن قوغدىدى.

يەنەبەزى پەيلاسوپلار گەرچە ئىلاھ بارلىقىغا ئىشەنسىمۇ، لىكىن بۇئىلاھنى پۈتكۈل كائىناتنى ئىدارەقىلغۇچى سۈپىتىدە تونۇمىغاچقا، ئۇ ئۆزىنىلابىلىدىغان، ئالەمنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچنىمە بىلمەيدىغان بىرئىلاھ بولۇپ قالدى. دىنى پەيلاسوپلارنىڭ قارىشى بولسا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى.

ئىنسانلارنىڭ ئىلاھ ھەققىدىكى تونۇشلىرى ئوخشىمىغاندەك، ئىنسان ماھىيىتىنىڭ مەڭگۈلۈك روھلىقى ياكى يوقالغۇچ ماددىلىقى، ئاسماندىن چۈشكەن نۇرئىكەنلىكى ياكى زىمىندىن چىققان تۇپراق ئىكەنلىكى، يۈكسەككە كۆتۈرۈلىدىغان پەرىشتەئىكەنلىكى ياكى تۆۋەندىن ئورۇن تۇتىدىغان ھايۋان ئىكەنلىكى، ئۆزجورۇملۇق (ئۆزئىشىنى ئۆزى بەلگىلىيەلەيدىغان) ئەقىل ئىكەنلىكى ياكى جورۇلما (باشقىلارتەرەپىدىن باشقۇرۇلىدىغان) ھەۋەس ئىكەنلىكى، تۇرغۇن ياكى ئۆزگىرىشچان نەرسە ئىكەنلىكى، ئەركىن ياكى مەھكۇم ئىكەنلىكى، شەخسىيەتچى ياكى پىداكار ئىكەنلىكى، ئوڭچە سۆيەر (شەخسىيەتچى) ياكى ئوپچەسۆيەر (توپ - ئامما پەرۋەر) ئىكەنلىكى، تەربىيە ئۇنۇم بېرىدىغان ياكى بەرمەيدىغانلىقى، ئالى نىشانلىق ئۇلۇغ مەخلۇق ئىكەنلىكى ياكى ئېكىنچىسىز ئۇنۇپ قالغان، شامال كەلسە ئۇچۇپ كېتىشكە تەييار تۇرىدىغان ياۋا چۆپ ئىكەنلىكى، ئۆزئۆزىچە يارالغانلىقى ياكى بىر ياراتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى، نىمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى نىمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقى، ياشاشتىكى بۇرچىنىڭ نىمەئىكەنلىكى، ئۆلگەندىن كېيىنكى ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى ھەققىدە

www.uyghurkitap.com

تەپەككۇر ۋە پەلسەپە پىشىۋالىرىنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى ھەر زامان ۋە ھەرجايدا، ھەرئىقىم ۋەھەر بىلدۈرۈك (تەئلىمات) بويىچە ھەرخىل بولىدى ۋە بىر بىرىدىن تۈپ جەھەتتىن پەرقلەندى. ھەرقايسى دەۋرلەردە پەلسەپەگەقاتتىق بېرىلگەن، ئۇنىڭدا چوڭقۇر ئىزدەنگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزئىشىدا گاڭگىراش،تىگرىقاشتىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمەي كەلدى ۋە كەلمەكتە.

## پەلسەپە ئېقىملىرى ئارا كۆرەش ۋە زىددىيەت

سىز غەرب ۋە شەرقنىڭ قەدىمقى ۋە يېقىنقى زامان پەلسەپە، تەپەككۇر تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولسىڭىز، بىر بىرىگە تۈپتىن قارمۇ- قارشى بولغان بىرقاتار پەلسەپە لاگېرلىرىنى كۆرىسىز: غايىۋىزىمچىلار ۋە رېئالىزىمچىلار، ئاتىئىزىمچىلار (خۇداسىزلار) ۋە تېئىزىمچىلار (خۇداچىللار)، يان روھچىلار (بارلىق نەرسىنى روھقا باغلاپ چۈشەنگۈچىلەر) ۋە يان ماددىچىلار (تۈگەل نەرسىنى ماددىغا باغلاپ چۈشەنگۈچىلەر)، بۇرچپەرۋەرلەر ۋە مەنپەئەتپەرەستلەر، ۋىجدانغا چاقىرىق قىلغۇچىلار ۋە ۋىجداننى مەنسىتمىگۈچىلەر، ئىنساننى ياخشىلىقنى ياقلىغۇچىلار ۋە ئىنساننى نىقاپلىق بۆرە دەپ قارىغۇچىلار، ئىنساننى ئەركىن ئىرادىلىك دىگۈچىلەر ۋە تەقدىرگە تۇتقۇن دەپ قارىغۇچىلار، شەخسچىلىكنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ۋە ئامماپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار، ۋە يەنە باشقىلارغا قەدەر. مانا بۇيەردە دېيىلگەن ۋە دېيىلمىگەن بارلىق ئېقىملار ئۆزىنىڭ گىپىنىلا توغرا، باشقىلارنىڭكىنى خاتا دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ھەرقانداق دىنىدىن خالى ۋە نوقۇل ھالدا ئەقىلگە تايىنىدۇ ۋە ئۇنى يېتەكچى قىلىدۇ. بىزقارايدىغان بولساق، پەيلاسوپلار ئىچىدە شۇنداقمۇ ئادەملەرنى

ئۇچرىتىمىزكى، ئۇلار ھەرقانداق بىر ھەقىقەتنىڭ بولۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھەقىقەت بولالايدىغان ھېچ نەرسە يوق، دىنمۇ، دۇنيامۇ، الله مۇ، ھەتتا ئىنسانمۇ ھېچ نەرسە ئەمەس. ئۇلار، شۇنداق قىلىپ ئاخىرىدا ئۆزىنىمۇ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىغىنىمۇ ئىنكار قىلىشىدۇ.

ئىنسانلار ھەقىقەت دەپ يۈرگەن نەرسىلەر ئۇلارچە بولغاندا چۆلدە تەشنالارنىڭ كۆزىگە يىراقتىن سۇ بولۇپ كۆرۈنگەن ئالۋۇندىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا ئۇلار ئۆزىنى ھەرقانداق نەرسىدە ھەقىقەت بولۇشىغا قارشى تۇرىدىغان «ئىنكارچىلار» (ئادەتتە، باشقا ئەسەرلەردە «مەنچىلىك» دېيىلىدۇ) دەپ ئاتىدى. يەنە بىر قىسىم پەيلاسوپلار بولسا ھەقىقەت نىسبى بولىدۇ، شۇڭا ھېچقانداق نەرسىدە مۇتلەق بولغان ھەقىقەت تېپىلمايدۇ، ئەگەر **A** شەخس ئىگە بولۇپ تۇرغان نەرسە پۈتۈنلەي ھەقىقەت بولسا، ئۇ چاغدا **B** شەخس ئىگە بولۇپ تۇرغان بارلىق نەرسىنى سەپسەتە دەپ قاراشقا بولىۋرىدۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەرئىككىلىسى نىسبەتەن توغرا بولغان بولىدۇ. سەن ئەمەلىيەتنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلساڭ، ئۇ دەل سىنىڭ ئويلىغىنىڭدەك بولىدۇ، ئىشلاردا ئەزەلدىن مۇقىملاشتۇرۇۋېتىلگەن توغرا، خاتالىق بولمايدۇ، ئۇنى سەن قانداق ئويلىۋالساڭ شۇنداق بولىدۇ، دىگەن قاراشنى ئالغا سۈرگەنلەر بولدى. بۇلارنىڭ يولى «ئۆز خاھىشچىلىق» (باشقا مەتبۇئات ئەسەرلىرىدە «سۇبيېكتىپ ئىدىئالىزىم» دېيىلىدۇ) دەپ ئاتالدى. بۇيەردە يەنە ئۇندىن باشقا بارلىق ھەقىقەتلەرگە گۇمان بىلەن قارايدىغان گۇمانچىلىق ئېقىمى ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇلارنىڭ گۇمانخورلىقى شۇدەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى ئۇلارغا: «سىلەر بارلىق ھەقىقەتتىن گۇمانلىنىسىلەر، ئۇنداقتا بۇيەردە ھەقىقەتنىڭ بارلىقىدىن گۇمانلىنىشتىن ئىبارەت سىلەر ئۆزۈڭلارمۇ تەن ئالىدىغان بىر ھەقىقەت بارغۇ؟» دېيىلگەندە ئۇلار:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«بىز شۇنداق گۇمانلىنىدىغانلىقىمىزدىنمۇ ھەم گۇمانلىنىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشكەن.

مانا بۇ، ھەرقانداق بىرنەرسىگە توختالغاندا ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەيمىز دەيدىغان «بىلگىلى بولماسلىق» ئېقىمىدۇر.

بىز مانا شۇنداق رەڭگارەڭ پەلسە ئېقىملىرىنىڭ كىلەڭسىز ئەھۋالىدىن شۇنى كۆرۈپ يېتەلەيمىزكى، ئىنسانلارنىڭ ئەقل ـ ئاڭي مايىلچانلىق ۋە قاراتمىلىقتىن ھەر قانچە خالى بولغان تەقدىردىمۇ بەربىر، زامان ۋەماكان شارائىتلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا مەدەنىي، ئىجتىمائى، جۇغراپىيەۋى مۇھىتىنىڭ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىلىش يولىدا ھەرخىل چەكلىمەلىككە ئىگە ۋاستە ـ قوراللارغا تايىنىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان چەكلىمەلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىدىن سىرت، ئىنسانلارنىڭ ئېڭى ئىلمى ھەقىقەتلەرئۇستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا ئۆز ئويچىلىق (ئۆزىنىڭ شەخسى ئوي ـ پىكىرلىرىگە بېقىنىش خاھىشى) تىن ساقلىنىشقا ھەرقانچە بەك تىرىشسىمۇ يەنە بىلىپ ـ بىلمەي شەخس، پارتىيە ـ گۇرۇھ، جامائە ـ توپ، يۇرتدارچىلىق، ئىرق ئالاھىدىلىكلىرىگە باغلىق ھالدا شەخسىنىڭ ئوي ـ پىكرىنى تۇپ تېمىدىن چەتنەشكە ئېلىپ بارىدىغان ھەرخىل تەسىر ۋە مايىللىقلارنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالىدۇ. دەل مانا شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان ھەردائىم چىگىشلىكلەر ئارىسىدىن ئېنىقلىق تېپىش. يول ئاچىلىدا قالغاندا توغرا يولغا يىتەكلىنىش ئۈچۈن ئەقل نۇرىدىنمۇ كۈچلۈكراق بولغان يەنە بىر خىل نۇرغا مۇھتاج بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ۋەھيى نۇرىدۇر. بۇنداق بولغاندا الله قۇرئان كەرىمدە ئېيتقان «نۇرئۇستىگە نۇر» (سۈرە نۇر 35 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى) نىڭ دەل ئۆزى بولغان بولىدۇ.

# پەلسەپەنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى قازانغان ئۇنۇمى

بۇ يەردە مۇنداق بىر مۇھىم سۇئال جاۋاب بېرىشنى كۈتمەكتە: قەدىمقى، ئوتتۇرا، يېقىنقى ئەسىرلەر مابەينىدىكى پەلسەپەۋى ئىزدىنىشلەر نىمە ھوسۇلغا ئېرىشتى؟ ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىنى توغرا يولغا يېتەكلەش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش، روھىيىتىگە ئازادلىك ئېلىپ كېلىش رولىنى ئۆتىيەلىدىمۇ؟ ھەق سۆز شۇكى، ئۇ، سانسىز قىيىن سۇئاللارنى پەيدا قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىگىمۇ جاۋاب بەرمىدى. ياكى جاۋاب بەردى دىگەندىمۇ، بەرگەن جاۋابلار بىرى بىرىگە زىت بولۇپ چىقتى. ئۇبىرنى قۇرسا مىڭنى ۋەيران قىلدى. ئۇ ئىنسانىيەتكە ئالدامچى ئىدىيىلەرنى تېڭىش، قۇرۇق ۋەدىلەرنى بېرىشتىن باشقا ئىش قىلالمىدى.

زامانىمىزدىكى پەلسەپە تارىخشۇناسلىقىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى، «مەدەنىيەتنىڭ كەچۈرمىشى» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتۇرى ئامېرىكىلىق ئالىم ۋول دىيۇرانت ئۆزىنىڭ «پەلسەپە شادلىقلىرى» دىگەن كىتابىدا ئۇزۇن مەزگىللىك قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشىنىڭ ئاخىرقى مەھسۇلى بولغان تۆۋەندىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «بۇئالەم زادى قانداق نەرسە؟ ئۇ قايسى ماددىلاردىن ،قانداق شەكىلدە تۈزۈلگەن؟ ئۇنىڭ ئاساسى نىمەدىن ئىبارەت؟ ئۇنىڭ ئومۇمى قۇرۇلمىسى قانداق؟ ئۇنىڭدىكى ئەڭ دەسلەپكى ماددىلار نىمىلەردىن ئىبارەت ۋە قانداق قانۇنىيەتكە ئىگە ئىدى؟ ماددىنىڭ ئىچكى يوشۇرۇن ماھىيىتى نىمە؟ ئەقىل دىگەن نىمە؟ ئۇ ئىزچىل ھالدا ماددىدىن ئايرىم تۇرىدىغان ھەمدە ماددىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان نەرسىمۇ ياكى ماددىنىڭ بىر قىسمى

www.uyghurkitap.com

ھەممە ماددىغا بىقىنىدىغان نەرسىمۇ؟ بىز سەزگۈ ئەزالىرىمىز بىلەن سېزىدىغان تاشقى دۇنيا بىلەن تۇيغۇمىز ئارقىلىق سېزىدىغان ئىچكى دۇنيالارنىڭ ئىككىلىسى خۇددى بىرشائىر «تەڭرى ئەتىگىنى يازغان(بولىشىنى پۈتكەن) نەرسىلەرنى بىز كەچلىكى ئوقۇيمىز» دىگىنىدەك قانداقتۇر بىر مىخا نىكىلىق (سۈنئىي) ياكى تەبىئى قانۇنىيەتلەرگە بىقىنامدۇ؟ ياكى بولمىسا ماددا بىلەن ئەقلىنىڭ بىرىدە ۋەياكى ھەرئىككىلىسىدە بىر خىل ماس كېلىپ قىلىش، بىۋاستە ئۇچرۇشۇش ۋە ئەركىن ھەركەت قىلىش ئاملى مەۋجۇتمۇ؟ مانا بۇسۇئاللار سېستىمىلىق رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلغان ھەرقانداق بىر تەپەككۇر ھامان تايىنىدىغان تۈپكى پەلسەپەۋى مەنبەلەر تۇرۇپ ئۇنى سورىغۇچىلار ئاز بولدى ـ يۇ ئەمما جاۋاب بەرگۈچىلەر كۆپ بولدى. بىز كۆپىنچە ھاللاردا بۇنداق سۇئاللارغا جاۋاب بېرىپ ئولتۇرۇشتىن كۆرە زىمىنىدىكى باشقا ياخشى نەرسىلەرگە ئىگەبولۇشنى ئارتۇق بىلدۇق.

«بىزھازىر تولىمۇ مۇقەررەرلىشىپ قالغان بىر مەغلۇبىيەتتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرالمايمىز. بىزنىڭ ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، فىزىكا، خىمىيە، مىخانىكا، بىئولوگىيە، پىسخولوگىيە قاتارلىق ئاساسلىق پەنلەرگە بولغان تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق پەلسەپىلىك ئىزدىنىشلەرنى چوڭقۇرلاشتۇرماقچى بولۇشىمىزمۇ بۇ مەغلۇبىيەتكە ئارا تۇرالمايدۇ، چۈنكى بۇ قىسمەن نەرسىدىن بىر پۈتۈن نەرسىنى چۈشەنمەكچى بولۇشتەك ئاقىلانە بولمىغان بىرئىش. نۆۋەتتە بىزنىڭ بۇ ئىنچىكە ئىزدىنىشلىرىمىزگە تۈرتكە بولۇپ تۇرغان دۇنيانى مادىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن بىرپۈتۈن كۆرۈش ۋە كۆزىتىش پىرىنسىپىلا بىزنى تەپەككۇر جەريانىدىكى ھەرقانداق تۇزاق ھەممە چاتاقلاردىن خالى قىلىدۇ. بىز كەمتەر ۋە سەممىيراق بولۇپ، ھاياتلىق ۋە ئالەمنىڭ غايەت چىگىشلىك، مۇرەككەبلىككە تولغانلىقىنى، ئۇنىڭ سىرلىرىنى چۈشىنىپ

يېتىشىنىڭ بىزنىڭ ئىمكان - ئىقتىدارى چەكلىك بولغان ئەقىل - ئاڭىمىزغا تولىمۇ قىيىن چۈشىدىغانلىقىنى ياخشى ئاڭقىرىشىمىز كېرەك.

مېنىڭ ئەڭ چوڭ بىر گۇمانىم شۇكى بىزنىڭ ئەڭ زور قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەن نەزەرىيىمىز ئېھتىمال ھەممىنى بەش قولدەك بىلگۈچى خۇدانىڭ نەزىرىدە كۆلكىگە قالىدىغان بىر نەرسە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بىز قىلالىغان بارلىق ئىش نادانلىقىنىڭ ھاڭ - جىرالىرىنى بايقاشتىن بولۇشچەماختىنىپ يۈرۈش بولۇپ قالدى. بىزنىڭ بىلىمىمىز كۆپەيگەنسىرى تونۇشىمىز، پاراسىتىمىز ئازىيىپ باردى، چۈنكى بىزنىڭ ئىلىم - پەندە بېسىۋاتقان ھەر بىرقەدىمىمىز يېڭىدىن يېڭى چۈشىنىكسىزلىكلەر، گۇمانلارنى پەيدا قىلماقتا. بىز مالىكولىلارنىڭ ئاتۇمدىن، ئاتوملارنىڭ بولسائېلېكترون (توكچە) لاردىن، ئاخىردا ئېلېكترونلارنىڭ كۋانتلاردىن تۈزۈلىدىغانلىقىنى بىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن ماددىنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى بولغان كۋانت ھەققىدىكى نەزىرىيە شۇچاققىچە كۈچكە ئىگە بولۇپ كەلگەن باشقا تۈرلۈك كاتېگورىيە، قانۇنلارنىڭ مۇقىملىقىغا خىرىس ئېلىپ كەلدى ھەمدە ئۇلارنى ئۆزگە بېقىندۇردى. دېمەك ، ئىلىم - پەن ئوقۇتۇشى ئىدىيە يېڭىلاش ۋە گۇماننى ئىلگىرى سۈرۈشتىن باشقا ئىش بولماي قالدى. بىزقورالدا پۈتۈنلەي ماددىغا، ھېس - سەزگۈدە ئەقىلگە تايىنىپ كەلدۇق. بىز مانا مۇشۇنداق قاتمۇقات تۇمانلىقلار ئارىسىدا تۇرۇپ ئۆزىمىزنىڭ (سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكچە) ھالىتىمىز بىلەن دېڭىزنى چۈشەنمەكچى بولۇشتۇق. بىز تارىختىن بۇيان ئوخشىمىغان پەلسەپە ئېقىملىرىنىڭ تاپ بېسىپ مەيدانغا كېلىپ تۇرۇشى ئارقىسىدا پەلسەپە ساھەسىنىڭ ھەردائىم زىددىيەتتىن خالى بولماي كەلگەنلىكىنى تەن ئالماي تۇرالامدۇق؟ پەيلاسوپ دېيىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشقىلارنىڭ پەلسەپە ساھەسىدىكى ئورنىنى يوققا چىقىرىشنىڭلا غىمىدە يۈرىدىغان، ھەقىقەتنىڭ ئالى تەختىگە ئۆزى تەنھا چىقىش يولىدا باشقا بارلىق سەپداشلىرىنى كۆزدىن يوقۇتۇشقا تەييارتۇرغان بىرتوپ بىچارىلەر ئىكەنلىكىنى تەن ئالماي تۇرالامدۇق؟ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش يۈرگەن بىر ئادەمنىڭ پەلسەپە ساھەسىدىكى بۇ زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنى چۈشۈنۈپ ۋە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشقا، بۇجەڭگى ـ جىدەللەرنى چۈشىنىش ۋە بىسىقتۇرۇشقا نەدىمۇ چولى بولسۇن» شۇنداق قىلىپ، پەيلاسوپلارنىڭ بىرى ئىسپاتلاۋاتسا، بىرى ئىنكار قىلىۋاتقان، بىرى قۇرۇۋاتسا يەنە بىرى بۇزۇۋاتقان،بىرى ئىدىئالىزمچى بولسا بىرى ماتىرىيالىزمچى، بىرى راتسىيئونالىست (ئەقلچىل)بولسا يەنەبىرى تۇيغۇچىل، بىرى غايىۋىزىمچى بولسا يەنە بىرى رىئالىزمچى بولۇۋاتقان زىددىيەتلىك رىئاللىقى پەلسەپە تارىخشۇناسلىقى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار نى بۇلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ بەرى ئەمەلىيەتتە نۆلگىلا تەڭ بولدى، دىگەن يەكۈنگە ئېلىپ كەلدى.

زامانىمىزدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن پەيلاسوپلارنىڭ بىرى، ئەزھەر ئاق ساقىلى بولغان دوكتۇر ئەبدۇلھەلىم مەھمۇد پەلسەپە ئېقىملىرىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئۆز ئارا زىددىيەت بىلەن تولغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەندىن كىيىن ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەلسەپەدە مۇقىم بىرقاراش بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ نىگىدا بىرسى تەرىپىدىن توغرا دەپ قارالغان نەرسە دەل يەنە بىرسى تەرىپىدىن خاتاغا چىقىرىۋېتىلىدۇ. مانا بۇنداق كاللا سوقۇشتۇرۇشلاردىن كىم، نىمە مەنپەئەت ئالالىسۇن؟ دەرھەقىقەت، پەلسەپىدە دەرتكە داۋا، چاڭقىغانغا ئۇسسۇزلۇق تېپىلمايدۇ. بەلكى، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭ دىڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرگەنلەر ئۇنىڭدىن ھېچ نىمىگە ئېرىشەلمەي، قۇرۇق قول قايتىپ چىقىشىدۇ»

ئەدىب پەيلاسوپ ۋە پەيلاسوپ ئەدىبلىك شەرىپىگە تېگىشلىك بولغان ئەبۇھەييان تەۋھىدى ئۆزىنىڭ «مەنپەئەتلىنىش ۋە كۆنۈكۈش» دېگەن كىتابىدا «سادىق قېرىنداشلار» پەلسەپە ئېقىمى توغرىسىدا توختالغاندا، پەلسەپىنىڭ ئۈنۈمسىزلىكى، پەيلاسوپلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنى تازا كېلىشتۈرۈپ بايان قىلىپ بەرگەن بولسا كېرەك. ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار جاپا تارتتى - يۇ ئەمما ھېچ ئىشقا ئەسقاتالمىدى، بەرپا قىلدى - يۇ تۇتۇپ تۇرالمىدى، ئۇلار چۆگىلەپ كېتەلمىدى - يۇ ئەمما ئىچىگە كىرەلمىدى. ئۇلار كۆيلىدى - يۇ ئەمما مۇڭلىنالمىدى، ئۇلارنىڭ توقۇغانلىرى چۇۋۇلۇپ، رەتلىگەنلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى»

داڭلىق تارىخشۇناس، جەمئىيەتشۇناسلىق (سوتسىئولوگىيە) ئىلمىگە تۇنجى بولۇپ ئاساس سالغۇچى، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئىبنى خەلدۇن ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «مۇقەددىمە» دە پەلسەپە بولۇپمۇ ئىلاھىيات ياكى تەبىئەتتىن سىرتقى نەرسىلەرنى ئىزدىنىش ئوبيېكتى قىلغان مېتافىزىكىلىق پەلسەپىنىڭ ساختىلىقى ۋە پەلسەپە چاقىرما (دەئۋا) لىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇن بىر بۆلۈم ئاجراتقان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىبنى خەلدۇن ئۆزىنى مۇسۇلمان ھېسابلايدىغانلارنىڭ ئالدى بىلەن شەرئىيات (شەرىئەت بىلىملىرى) بىلەن پۇختا تونۇشۇپ چىقىشى كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: «ھېچكىم ئىسلام بىلىملىرىدىن ساۋاتسىز تۇرۇپ ئۇ بىلىملەر (پەلسەپە بىلىملىرى)گە بېرىلمىسۇن. دىن بىلىملىرىنى ياخشى ئىگەللىمەي تۇرۇپ پەلسەپىگە بېرىلگەنلەر ئاسانلا ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كېتىدۇ»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىنسانىيەتنى دىندىن ئۆزگە قۇتقازغۇچى يوق

ھازىر غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئىنسانلار پەن - تېخنىكا جەھەتتە ھەرقانچە تەرەققى قىلىپ كەتسىمۇ ئۇلارنىڭ يەنىلا دىندىن، ئىماندىن ئايرىلىپ، اللهقا باغلانماي، ۋەھىيگە تايانماي ياشىيالمايدىغانلىقى ئىنىقلىنىشىپ قالدى.

دىن دېمەك پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ سىرى، ھاياتلىقنىڭ جەۋھىرى، ئالەمنىڭ روھىدۇر. ئۇ ئىنسانغا ھەرگىزمۇ سىرتتىن تېڭىلغان نەرسە بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ ﷲ ياراتقان تۇغما تەبىئىتىدىن ئۇرغۇپ چىققان نەرسىدۇر. ئەگەر ئىنساندا دىن، ئىمان بولمىسا ئۇ ئۆزىنى، ئۆز يىلتىزىنى، تۈنۈگۈنى ۋە ئەتىسىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. قىنى دەپ بېقىڭچۇ! تۈنۈگۈنىدىن رازىمەندلىك، ئەتىكى كۈنىدىن ئىشەنچ، ئۈمىد تېپىپ ياشىمىغان بىر ئادەم ھاياتنى قانداقراق ئۆتكۈزمەكچى؟

ئىمانسىز ئادەم كېچە قاراڭغۇسىدا چىراغسىز يول يۈرگەن، دەشتۇ-چۆللۈكتە يولىنى تاپالمىغان، يۆنۈلۈشىنى پەرق ئەتكىلى كومپاس ئېلىۋالماي ۋە ياكى يۇلتۇزغا قاراپ تەرەپ بەلگىلەش ساۋادى ئىگىلىمەي، تەييارلىقسىز دېڭىز سەپىرىگە چىققان ئادەمگە ئوخشايدۇ. يەنە تەكرار ئەيتىمىزكى دىن قانداقتۇر سىرتتىن كېلىپ قالغان نەرسە بولماستىن بەلكى ئىنساننىڭ تۇغۇلمىش تەبىئىتىدىن كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان ئالىم، مۇتەفەككىر،

يىتەكچىلەر ئىنسانلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى كۆچەيتىشى، قايمۇقۇش ۋە ئارىسالدىلىقتىن قۇتۇلۇپ روھى تىنچلىققا ئېرىشىشى ئۈچۈن دىنىنىڭ تۈرمۇشتىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە چاقىرىق قىلماقتا. ھەتتا دىنغا ھەقىقى ئىشەنمەيدىغان بىرقىسىم پەيلاسوپلارمۇ كىشىلىك تۇرمۇشنى قانۇنىيەتلىك ئۆتكۈزۈش، ئىجابى تۈرتكىلەرنى كۈچەيتىپ، ناچارخاھىشلارنى تىزگىنلەش ئۈچۈن بولسىمۇ دىنغا ئىشىنىش كىرەكلىكىنى ئەيتىشقان. تىخى ئۆلارنىڭ بەزىلىرى: ئەگەر الله بولمىغاندىمۇ بىز ئۇنى پەيدا قىلىشىمىزغا توغرا كىلىدۇ، دىگۈچىلەرمۇ بولغان. يەنە بىرلىرى بولسا: الله نىڭ مەۋجۇتلىقىدىن نىمىشقا گۇمانلىنىسىلەر، ئەگەر الله قا ئىشىنىش بولمىغىنىدا ئايالىم ماڭا خىيانەت قىلغان، چاكىرىم نەرسە-كىرەكلىرىمنى ئوغۇرلىۋالغان بولاتتى، دىگەن.

نۆۋەتتە، كۆپلىگەن دۇنياۋى ئالىم ۋە مۇتەفەككىرلەر دىنىنىڭ شەخس ھەمدە جەمئىيەت ھاياتى ئۈچۈن جىددى زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىنى، شەخسلەرنىڭ بەختىيار، تىنچ ھايات كەچۈرۈشى، جەمئىيەتنىڭ ئۆملۈكى، تەرەققىياتى ئۈچۈن دىن بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئالغا سۈرۈشمەكتە. مەسىلەن ئۆلاردىن داڭلىق تارىخچى توينبى ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئادەت ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش» ناملىق كىتابىدا شۇنداق دەيدۇ: «بارلىق ئىدىئولوگىيە ۋە «ئىزىم» لار كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشتە ئۈستۈنلۈكنى ساقلاپ كېلىۋاتقان دىنلار بىلەن ئورۇن تالىشىشتەك ئۆز-ئۆزىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان بىر ئاجىز نوقتىدا ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ قالدى. بۇ دىگەنلىك ئۆلارنىڭ ھەممىسى دىنىنىڭ تەتۈرسىچە ئىش قىلىپ، ئىلاھ قۇلچىلىقى ئورنىغا ئىنسان قۇلچىلىقىنى دەسسەتمەكچى بولۇشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دىن تۈرتكىسىدە ئاللىبۇرۇن جەمئىيەت ۋە شەخس قۇلچىلىقىدىن قۇتۇلۇپ اللهقا يۈزلۈنۈپ بولغان ئادەملەر يەنەقايتىدىن جەمئىيەت تۈرمىسىگە قايتىپ كىلىدۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ده بارغانسېرى ئاجىزلاپ ۋە كىچىكلەپ چۈمۈلىلەر جەمئىيىتىدىكى (ئىجتىمائى چۈمۈله) لەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ

دىنلار ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ بىر ئىجتىمائى ھاشارات ئەمەس بەلكى ئىززەت- ھۆرمەتلىك، ئاڭ- ئىدراكلىق، ئەركىن تاللاش ھوقوقىغا ئىگە كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا بىلدۈرۈپ بولغان. ھەرقايسى «ئىزىم»لار قانچە قىلسىمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئۆنتۈلدۈرالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئادەملەرگە دىن بەرگەن روھى ئازادلىقنى مەڭگۈ بىرەلمەيدۇ. دىن - ئۇ پۈتكۈل ئىنسانلارھاياتىنىڭ يۈرىكى، جەۋھىرى. ئۇبارلىق دىللارنى يورۇتقۇچى ئۆتكۈر نۇردۇر . ئىنسانلا بولىدىكەن دىندىن ئايرىلالمايدۇ. باشقا ھەر قانداق ئاتالمىش ئۇلۇغۋار ئىدىئولوگىيە ياكى نەزەرىيەلەر دىننىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. چۈنكى ئۇنەرسىلەر بىزگە دىندىن كېلىدىغان مۇھەببەت ۋە ھەمكارلىق ئورنىغا ئۆز - ئارا دۈشمەنلىشىش، گۇرۇھۋازلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇبىزگە بىر بۇردا نان بېرىپ قويۇش بەدىلىگە بىزنىڭ كۆڭۈل تىنچلىقىمىز ۋە روھىي ئەركىنلىكىمىزنى تارتىۋالىدۇ، خالاس.

## خرىستىئان دىنى نىجاتكارلىق رولىنى ئۆتىيەلمەيدۇ

ئىنسانىيەت ئۆزىنى زۇلمەت دېڭىزىغا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالىدىغان بىر نىجاتكار، قۇتقازغۇچىغا مۇھتاج بولۇپ تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە ئازاب - ئوقۇبەت، تىڭىرقاش، قايغۇ ئىچىدە قالغان بۇ ئىنسانىيەتنى قىنى قايسى دىن قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ؟ خرىستىئان دىنى قۇتقۇزۇپ قالالامدۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ كاتولىك، پروتېستانت، پراۋۇسلاۋىيە قاتارلىق ئۈچ چوڭ مەزھىبى بويىچە نۆۋەتتىكى بۇ رولنى ئۆتىيەلەمدۇ؟ بىز ئەستايىدىل ۋە لىللا مەيداندا تۇرۇپ شۇنداق جاۋاب بېرىمىزكى بۈگۈنكى

دۇنيادا، بولۇپمۇ غەرب دۇنياسىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان خرىستىئان دىنى زامانىمىز ئىنسانلىرىنى غەرب مەدەنىيىتى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى دەرت- ئەلەم ۋە خورلۇقلاردىن قۇتقازغۇچى بولۇشقا، ھەمدە تەلەپتىكى ئىنساننى قۇرۇپ چىققۇچى بولۇشقا يارىمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت، بىرىنچى: خرىستىئان دىنى تۈپ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا ھېچ قانداق بىر مەدەنىي رولنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ غوللۇق تەلىماتلىرىنىڭ ھېچ قايسىسىدا تۇرمۇشقا ، ھاياتقا كۆڭۈل بۆلۈنمەيدۇ، ئەقىل ئىشقا سېلىنمايدۇ، بىلىمگە تەرغىب قىلىنمايدۇ، ئىنساننىڭ ئۆز تەبىئى خاراكتېرى چىقىش قىلىنمايدۇ. بۇ دىن ئۇنىڭ ئۆز روھانىلىرى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ھاياتقا قارشى، ئەقىلگە يات، بىلىم بىلەن چىقىشالمايدىغان، ئىنسان تەبىئىتىنى خورلايدىغان بىر نەرسە بولۇپ قالغان. بىز بىر تىپىك خرىستىئان مۇرىدىنى ئېلىپ ئېيتساق ئۇ بىزنىڭ كۆزىمىزگە تۇرمۇشتىن چەتلەشكەن، دۇنيادىن قول ئۈزگەن، بارلىق ياخشى، ھالال نېمەتلەردىن بەھرىمەند بولۇشقا، ھەتتا ئۆيلىنىشكىمۇ قارشى تۇرىدىغان توپ- تولۇق بىر راھىپ بولۇپ چىقىدۇ. تېخى بەزى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىردىكى راھىبلار ئاياللارنىڭ ئۆزى تۈگۈل، ئۇلارنىڭ سايىسىدىنمۇ ئۈركۈپ قاچىدىكەن. ھەرقاچان ئۇلارغا ئۇچراپ قالماسلىقنى تىلەپ يۈرىشىدىكەن، ھەتتا ئانا ياكى ھەدە، سىڭىللىرىغىمۇ شۇنداق قىلىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ روھىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن تەن- بەدەنلىرىنى بولىشىچە ئازاپلاپ قىينايدىكەن. خرىستىئان دىنىدىكى ئەخلاقمۇ ئوخشاشلا ئەمەلىيەتچىل بولمىغان، رىئاللىقتىن ھالقىپ كەتكەن ئەخلاقتۇر. ۈنكى ئۇ ئىنساننىڭ ئادەتتىكى بەرداشلىق چېكىدىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن. مەسىلەن ئىنجىلدا مۇنداق سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز: «دۈشمىنىڭلارنى ياخشى كۆرۈڭلار، سىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارغىغانلارغا قۇت ـ بەخت تىلەڭلار، بىراۋ سىلەرنىڭ ئوڭ كاچىتىڭلارغا ئۇرسا، ئۇنىڭغا سول كاچىتىڭلارنى تۇتۇپ بېرىڭلار، كۆڭلىكىڭلارنى ئېلىۋالغان ئادەمگە ئىشتىنىڭلارنى بېرىڭلار...» (مۇقەددەس كىتاب، ئۇيغۇرچە نەشرى، 328، 329 ـ بەتلەر) ئىنجىلدىكى گەپ بۇنداق بولغان بىلەن ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك خىلاپلىق قىلىدىغانلار ـ بولۇپمۇ غەربتە ـ ئالدى بىلەن خىرىستىئانلار نىڭ ئۆزى بولماقتا. مانا شۇ خىرىستىئانلارئورتىسىدا ئىنسان تۇركۇملىرى ئارا تارىختىن بۇيان بولۇپ باقمىغان تالايلىغان دىنى ۋە دۇنياۋى قانلىق ئۇرۇشلار بولۇپ ئۆتتى. مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ۋە بۇئۇرۇشتا نەچچە مىليونلىغان خىرىستىئاننىڭ دەل يەنە شۇ خىرىستىئانلارنىڭ قولىدا جېنىدىن ئايرىلغانلىقى بۇنىڭ يىتەرلىك مىسالى ئەمەسمۇ؟ ئەسلىدە، خىرىستىئان دىنى مۇئەييەن بىر دەۋر ۋە مۇئەييەن بىر قەۋم ئۈچۈنلا ئەۋەتىلگەن ۋاقىتلىق دىن بولۇپ، ئۇ ئەزەلدىن ئەللەرئارالىق ۋە مەڭگۈلۈك دىن قىلىپ بېكىتىلگەن ئەمەس. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزئاغزى بىلەن ئۆزىنىڭ بەنى ئىسرائىلىنىڭ ھەق يولدىن ئازغان كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتنى تولۇق يەتكۈزۈپ بولالمىغانلىقىنى دىگەنلىكى، شۇنداقلا ئۆزىدىن كېيىن بىر كىشى كېلىپ كىشىلەرگە بارلىق ئىشلارنى بايان قىلىدىغانلىقى، كۇفىر ـ ئىمانسىزلىقتا زەربە بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالدىن بىشارەت بېرىشلىرىمۇ بۇنىڭ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇقتۇرۇپ تۇرماقتا.

خىرىستىئان دىنى ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتى بىلەن تۇرۇپمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دىنى بولالمىغان يەردە، بۈگۈنكىدەك ئۆزگەرتىۋېتىلگەن يەڭگۈشلەنگەن، ئەسلىدىكى كىتاب يوقالغان، تېكىستلارسىز، مەنا بويىچە بۇرمىلانغان، دىنىنىڭ تۈرلۈك

ئىشىنىش ـ ئەقىدەلىرى، رەسىم ـ يوسۇنلىرى، قائىدە ـ تۈزۈكلىرى، ئاساسلىق ۋە تارماق چۈشەنچىلىرىگە زىيان يەتكەن، ماھىيەت يوقۇتۇپ تاشلىنىپ، بىر خۇدالىق ئەقىدە ئۈچ خۇدالىق ئەقىدىگە، يىگانە ﷲ قىلا قۇلچىلىق قىلىش مەسىھ ۋە مەريەمگە قۇلچىلىق قىلىشقا ئايلىنىپ قالغان ھالىتى بىلەن قانداقمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دىنى بولالىسۇن.

ئىيسا شۇنداق دەيدۇ: «بايلارنىڭ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىشى تۆگىنىڭ يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتىشىدىنمۇ قىيىن» (مۇقەددەس كىتاپ، ئۇيغۇرچە نەشرى 393 ـ بەت) ئۇيەنە ئۆزىگە ئەگەشمەكچى بولغانلارغا: «مال ـ مۈلكۈڭنى سېتىۋېتىپ ئاندىن ماڭا ئەگەشكىن» (مۇقەددەس كىتاپ، ئۇيغۇرچە نەشرى 393 ـ بەت) دەيدۇ. «كۆزۈڭنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئىشەن!» (يەنى ئەقلىڭنى ئىشلەتمەي تۇرۇپ ئىشەن!) دىگەن بۇسۆزمۇ خىرىستىئانلاردا زامانلاردىن بىرى ئىغىزدىن چۈشمەي كېلىۋاتقان مەشھۇر شوئار بولۇپ قالدى. دىمەك، خىرىستىئان دىنىچە بولغان ئىمان ئۆزخاراكتىرى ۋە تارىخىغا كۆرە ئەقىلگەمۇناسىۋەتسىز بىر نەرسە بولۇپ قالغان. ھەتتا خىرىستىئانلارنىڭ مەشھۇر پوپى ۋە پەيلاسوپى ئاۋگۇستىن ئۆزىنىڭ بىھۇدە بىر نەرسىگە ئىشىنىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بىر ئەقىلگە سىغمايدىغان نەرسەبولغانلىقى ئۈچۈنلا مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن» مانا بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈدۈكى، بىر ھەقىقى خىرىستىئان ھەرقاچان ئىلىم ـ پەنسىز دىن ياكى دىنىسىز ئىلىم ـ پەندىن بىرىنى تاللىشى كىرەك. دىن بىلەن ئىلىم ـ پەن ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئۆز ـ ئارا پېتىشمايدىغان ئىككى نەرسە، ھالبۇكى، ئەمىلىيەتتە بۇئىككى نەرسە تارازىنىڭ ئىككى پەللىسىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ بىر تەرىپى بىسىپ كەتسە يەنە بىر تەرىپى كۆتۈرۈلۈپ كىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى: خىرىستىئان دىنىنىڭ تارىخى قارا زۇلمەت بىلەن قاپلانغان، ئەركىن پىكىرلىك مۇتەفەككۇرلەر ۋە ئالىملارنىڭ قېنى بىلەن بويالغان، ئەسلەش بىلەنمۇ ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنىدىغان دەھشەتلىك تارىختۇر. بۇتارىخ جەريانىدا چىركاۋ دائىرىلىرى باشتىن ـ ئاخىر قاتماللىقنى قوللاپ تەپەككۇرغا، خۇراپاتنى قوللاپ بىلىمگە، مۇستەبىدلىكنى قوللاپ ئەركىنلىككە، قاراڭغۇلۇقنى قوللاپ نۇر ـ يورۇقلۇققا، مۇستەبىد شاھ ـ قىراللارنى قوللاپ خەلققە قارشى تۇردى. ئۇلار قورقۇنچلۇق ئادەم قۇشخانىلىرى قۇرۇپ ئىنسانىيەت تارىخىدا تۆھپىسى ئۇنتۇلمايدىغان، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر، سەرخىل ئالىملار، مۇتەفەككۇرلەرنىڭ بېشىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ جاي ـ جايلاردا قۇرغان تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە، بولۇپمۇ كەشپىياتچى، ئىختىراچىلارغا يۈرگۈزگەن غالجىرانە جىنايى زىيانكەشلىكىنى تارىخ ھېچ بىرچاغ ئۇنتۇمايدۇ. مانا مۇشۇنداق تەرەپلىرى بىلەنمۇ بۇدىن نۆۋەتتىكى رولىنى ئۆتەشكە لاياقەتسىز دۇر. بۇجەھەتتە ئۇنى شۇنداق قىلالايدۇ دەپ پەرەز قىلىپمۇ بولمايدۇ.

ئۈچىنچى: خىرىستىئان دىنى ھەر قاچان پوپ، روھانىلاردىن ئايرىلالمايدۇ، خىرىستىئان دىنىنىڭ نوپۇزى دەل كىشىلەر قەلبىگە خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدىغان ئاشۇ بىر ئوچۇم روھانىيلارنىڭ نوپۇزىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ روھانىيلار ئۆزلىرىنى كۈچ ـ قۇدرەت ئىشىكلىرىنىڭ ئاچقۇچىغا ئىگە بولغان بىردىنبىر كىشىلەر، ئاسمان بىلەن زېمىنىنىڭ تۇتۇشۇش ھالقىسى، الله بىلەن بەندىلەرنىڭ ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇستەبىد پادىشاھلارنىڭ ۋە دەل شۇ روھانىلارنىڭ زوراۋانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىنىمسىز ئىنتىلىپ كەلگەن ئىنسانىيەتنىڭ ئارىسىدىكى ۋاستىچىلىكنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى

ئىنسانىيەتنىڭ يەنە بىرقېتىم روھانىيلار زوراۋانلىقىنىڭ ئەسىرى بولۇپ ياشاشقا رايى يوق.

تۆتىنچى: خىرىستىئان دىنىنىڭ كۆپ سانلىق روھانىلىرى غەرب مەدەنىيەتىدە بارلىققا كەلگەن، ماددا سۆيەر، شەھۋانى تۇرمۇش دولقۇنى ئالدىدا مەغلۇب بولدى ھەمدە بۇخىل تۇرمۇشقا ماسلاشتى. ئۇلار كىشىلەرنى بولمىغۇر تۇرمۇش قوينىدىن تارتىپ چىقىماقتا يوق بەلكى، ئۇلار نىمە ئىش قىلسا ئىنجا-ئىنكاسسىز تۇرۇپ ئۇلارغا يول ئېچىپ بەردى. شۇڭا ياۋرۇپا ۋە ئامېرىكا چىركاۋلىرىدىكى پوپلارنىڭ ئەرلەرنى ئەرلەرگە، ئاياللارنى ئاياللارغا نىكاھلاپ قويۇشلىرىنىڭ ھېچ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. ھالبۇكى، بۇخىل قىلمىش ئىنسانلارنىڭ تۇغما تەبىئىتىگە، شۇنداقلا بارلىق ساماۋى دىنلارنىڭ تەشەببۇسىغا خىلاپ ئىدى. بىز بۇلاردا يەنە شۇنداق ئىشلارنىمۇ كۆردۇقكى بىرقىسىم پوپلار توغرا مەقسەدكە يېتىش ئۈچۈن ناتوغرا ۋاستىلەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ دىگەن ئوي بىلەن چىركاۋغا كېلىدىغان ياشلارنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن چىركاۋدا جىنسى غىدىقلاش خاراكتېرىدىكى ناخشىلارنى ئېيتقۇزدى.

بەشىنچى: ستاتىستىكىلاردا كۆرسىتىلگەن ھەم كۆز كۆرۈپ تۇرغىنىدەك، بۈگۈنكى ياۋرۇپا ۋە ئامېرىكا جەمئىيەتلىرىدىكى خىرىستىئانلار ئامىمىسى ئەمەلىيەتتە ھەقىقى خىرىستىئانلار بولماستىن پەقەت نامدىكى خىرىستىئانلار ياكى خىرىستىئانلار نىڭ بالا - چاقىسى بولۇپ قالغانلىق ۋە ياكى خىرىستىئانلار ئېلىدە ياشاۋاتقانلىق بىلەن خىرىستىئان بولۇپ قالغانلاردۇر. ئۇلار خىرىستىئان دىنىنىڭ ھېچ قانداق ئىدىيە ۋە تۈزۈمىگە ئىشەنمەيدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرسىدىن قانداق ئىدىيە-ئەقىدىگە ئىگە ئىكەنلىكى سورالغۇدەك بولسا ، ئۇنىڭ بېرىدىغان جاۋابى كۆپىنچە: كەچۈرۈڭ، مەن بۇئىشنى ئويلىنىشىپ باقمىدىم، چۈنكى ئۇ مەن ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس، دىگەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىبارەت بولىدۇ. ئۇلار ئىلاھىيەت، پەيغەمبەر، ئاخىرەت، جەننەت، دەۋزەخ دېگەنلەر توغرىسىدا ئويلۇنۇپ ئاۋارە بولمايدۇ. ئۇلار ھالال ياھارامنى بىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئويلايدىغان ۋە ئىنتىلىدىغىنى مۇشۇ دۇنيانىڭ لەززەت، مەنپەئەتلىرى. ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتى بىلەن خۇددى بۇرۇنقى ئەرەب مۇشرىكلىرىغا ئوخشاش «بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىن باشقا ھايات يوقتۇر، بىز ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى بىر تەرەپتىن ئۆلۈپ تۇرىمىز ۋە بىر تەرەپتىن تۇغۇلۇپ تۇرىمىز)، بىز قايتا تىرىلمەيمىز» دەۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. بەزى ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللاردا دېيىلىشىچە، يەكشەنبە كۈنلىرى چىركاۋغا قاتنايدىغانلارنىڭ سانى ئارانلا 5% نى ئىگەللەيدىكەن. يەنەكېلىپ بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چىركاۋغا قانداقتۇر بىر ئىخلاسمەن دىندارلىقنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەمەس بەلكى كۆنۈككەن تۇرمۇش رىتىمىنى ئۆزگەرتىپ بېقىش ياكى دوستلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ياكى يېڭى دوستلارنى تېپىش ۋە باشقىلار ئۈچۈن بېرىشىدىكەن.

ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى كۆپلىگەن خىرىستىئانلارنىڭ ئۆزچىركاۋلىرىنى زىمىن نەرقىدە سېتىۋېتىپ بارغانلىقىنىڭمۇ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، چۈنكى چىركاۋلارغا كېلىدىغانلارنىڭ كۈنسىرى ئازىيىپ بېرىشى ھەتتا بولمىغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجى قالمىغان. بەزىدە بۇنداق چىركاۋلارنى شۇيەردىكى مۇسۇلمانلار سېتىۋېلىپ مەسجىدلەرگە، ئىسلام مەركەزلىرىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن.

ئالتىنچى: كۆپىنچىلەر غەرب مەدەنىيىتىنى ئىيسامەسىھكە باغلاپ مەسىھ ـ خىرىستىئان مەدەنىيىتى دەپ قارايدۇ (گەرچەئىيسا بۇنى خالىمىسىمۇ) ، ئەمەلىيەتتە ئۇ مەن بۇرۇنمۇ دېگەندەك، قانداقتۇر مەسىھ ئىبنى مەريەم يەنى مەريەم ئوغلى خىرىستوسقا باغلانغان خىرىستىئان مەدەنىيىتى ئەمەس بەلكى

سىپى ئۆزىدىن مەسىھ دەججال مەدەنىيىتىدۇر. چۈنكى دەججال قارىغۇدۇر، بۇ مەدەنىيەتمۇ ھەم بىر قارىغۇدۇر، ئۇھاياتقا، ئالەمگە، ئىنسانغا دائىم بىر كۆز (ماددى كۆز) بىلەن قارىغاچقا، ئىنساننى روھى يوق، كائىناتنى خۇداسى يوق، دۇنيانى ئاخىرىتى يوق كۆرۈپ قالىدۇ. مانا مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن غەرب مۇتەفەككىرلىرىنىڭ ئۆزىمۇ خىرىستىئان دىنىنىڭ ئۇلارغا بىر نىجاتلىق يولى، قۇتۇلۇش تايانچى بولالىشىغا ئىشەنمەيدۇ. دىمەك، خىرىستىئان دىنىنىڭ دەۋرى ئەمدى كەلمەسكە كەتتى، نىتشى ۋە باشقىلار «خۇدا ئۆلدى!» دەپ چۇقان سالغانلىرىدا باشقا بىر خۇدا ئەمەس دەل خىرىستىئانلار نىڭ قارىشىدىكى ئۇشبۇ خۇدا (مەسىھ) ئۆلگەن ئىدى. «خۇدا ئۆلدى» دىگەن بۇسۆز ئۆز سالمىقى بىلەن ئىسلامچە ھىسسىيات ۋەئىسلامچەئاڭنىڭ جىنىغا تىگىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ قارىشىمىز ۋە ئىشەنچىمىزدىكى خۇدا پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى، پەرۋەردىگارى، پادىشاھىدۇر. ئۇئىنسانلارنى يارىتىدىغان، ياشىتىدىغان، ئۆلتۈرەلەيدىغان، تىرگۈزەلەيدىغان زاتتۇر. بۇنداق خۇدا ھىچ قاچان ئۆلمەستۇر، بەلكى ئۇ ئۆلۈم تۇگۇل ئۇيقۇ ۋە مۈگدەكمۇ تۇتمايدىغان مەڭگۇ مەۋجۇت ۋە مەڭگۇ تىرىك تۇرىدىغان بىر زاتتۇر. ئەمما غەرب دۇنياسىنىڭ ياكى خىرىستىئانلارنىڭ ئىلاھىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە، خۇدا ئۆزىدە گەۋدىلەنگەن ياكى ئىلاھى روھ بىلەن بىرلەشكەن ئىنساندىن ئىبارەت، يەنە كىلىپ ئۇلار بۇرۇنلا دارغا ئىسىلغان دەپ ھىسابلايدىغان بۇنداق ئىلاھنى ھىلىدىن ئۆلدى دىسە ئۇنىڭ ھىچ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق.

پروفىسسور رىنىيە دوبو ئۆزىنىڭ غەرب مەدەنىيىتى تەنقىدىگە بېغىشلانغان «مەنا ئىزدەش»، «تەرەققى قىلىش ۋە يۈكسىلىش خۇراپاتلىقىدىن قۇتۇلۇش» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ئەگەر بىز تارىخنى ئاختۇرىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ئۇنۇمسىز مەنا ئىزدەش ئۇرۇنۇشلىرى كۆپلەپ چىلىقىدۇ،

www.uyghurkitap.com

ئىنسانلار بۇمەنا ئىزدەش سەپىرىدە ھەرقېتىم ئۇچراتقان، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا مەنا ـ مەزمۇن بېغىشلايدىغان ئۆرنەكلەر تارىخ بېتىدىن ھايالشىمايلا غائىب بولدى. قارايدىغان بولساق، ئۆتمۈشتە كۆپلىگەن قىممەتلىك دىنى، پەلسەپەۋى، ئىجتىمائى ئىدىيەـ مەپكۇرىلەر مەيدانغا كېلىپ بىر مەزگىل كىشىلەرنىڭ يولىنى يورۇتقان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار تۇرلۇك پەلسەپە گۇمانخورلۇقلىرىنىڭ، نەتىجىسىز، تاردائىرىدىكى، ئايىغى چىقماس دە ـ تالاشلارنىڭ ئەۋرەزـ پاتقاقلىرى ئىچىدە يوقالدى. خىرىستىئان دىنى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياۋرۇپا خەلقلىرىگە بەزبىر ئۇمىدلەر، ئورتاق ئارزۇلارنى ئېلىپ كەلگەن، ئۇلارغا الله نىڭ سۆيگۈسى ۋە قورققۇسىغا ئاساسلانغان ئىجتىمائى تۇرمۇش شەكلى ئاتا قىلغان بىر يىگانە كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان ئىدى، خىرىستىئان دىنى ئىدىيىلىرى كىشىلەرنىڭ كۈچ، غەيرىتىنى ئاشۇرۇپ ئۇلارنى گوت ۋە رىم مىمارچىلىق ئۇسلۇبىدىكى چىركاۋ، مۇناستىرلار ۋە باشقا چوڭ قۇرۇلۇشلارنى بىنا قىلىشتەك زور ئىشلار ئۈچۈن ئاممىۋى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرەلىگەن ئىدى. بىراق، خىرىستىئانلار شۇنىڭدىن كېيىن تۈگمەس ئىلاھىيەت (مەدرىسە پەلسەپىسى) دە ـ تالاشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى ئاساس قىلىدىغان بۇ روھى ئەقىدە قاتمال ، مۇتەئەسسىپ، تەسىر كۈچى يوق بىر ئېتىقادغا ئايلىنىپ قالدى. ھازىر قارايدىغان بولساق، پۈتكۈل خىرىستىئانلارنىڭ ھەر خىل غەلىتە، چۈشىنىكسىز ئىجتىمائى ئەخلاق قاراشلىرىغا ئىگە تۈرلۈك ـ تۈمەن گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئىلاھىيەت ياكى مەدرەسە پەلسەپەسى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار خىرىستىئان دىنىنى ھەرخىل چاكىنا قاراشلار (مەسىلەن: «ئادەم ئەلەيھىسسالام خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان چاغدا ئىگىزلىكى قانچىلىك ئىدى؟»، «پەرىشتىلەر ئۇخلامدۇ ـ يوق؟» دىگەندەك ـ ت) بىلەن

كېلىشتۈرمەكچى بولىدىغان پۈچەك پەلسەپە مۇھاكىمىلىرى بىلەن ئاۋارە بولغۇچىلاردۇر» بەلكىم، دوبو ئەپەندى ئىسلامنى ھەقىقى تونۇپ يەتكەن بولسا ئىدى، خىرىستىئان دىنىدىن تاپالمىغان نەرسىلىرىنى ئىسلامدىن تولۇقى بىلەن تاپالىغان بولاتتى.

## يەھۇدىي دىنى خىرىستىئان دىنىدىنمۇ ئاجىزدۇر

خىرىستىئان دىنى ئىنسانىيەتنى قۇتقازغۇچىلىق رولىنى ئۆتەشتىن ئاجىز كەلگەن ئىكەن، يەھۇدىي دىنى بۇ رولنى ئېلىشتىن تېخىمۇ ئاجىز دۇر، بۇنىڭغا ماس ھالدا، يەھۇدىي دىنىنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان بىر يىتەكچى دىن دەپ قارىمايدۇ. بۇ دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە بىر خىل كۈچلۈك ھالدىكى چوڭ مىللەتچىلىك (شوۋىنىزىم) خاھىشىنىڭ تامغىسى ئۇرۇلغان بولۇپ، پەقەت ئىسرائىل (يەئقۇب) پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىلا ﷲ نىڭ ئەڭ ياخشى، تاللانغان بەندىلىرى، باشقىلار بولسا ئۇلاردىن تۆۋەن تۇرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ كۈچىدىن ئۇلارئۆزىنى سىرتقا ئىپادىلىمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتكە تاراتقۇدەك نەتەشۋىق-تەرغىباتى، دۇنياغا ئېلىپ چىققۇدەك نە بىر تەلىمات-ئۆگۈتلۈكىنى تاپقىلى بولمايدۇ. يەھۇدى دىنىدىكى ﷲ مۇ بىز بىلگەن پۈتكۈل ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى ئەمەس بەلكى پەقەت ئىسرائىل ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭلا پەرۋەردىگارى بولۇپ قالغان. يەھۇدىلار چۈشەنچىسىدىكى ئاخىرەت بولسا خىرىستىئانلار چۈشەنچىسىدىكى خۇدانىڭ پادىشاھلىقىمۇ ئەمەس، مۇسۇلمانلار چۈشەنچىسىدىكى مەڭگۈلۈك جەننەتمۇ ئەمەس بەلكى بۈيۈك ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقىدۇر. «يەھۇدىلارنىڭ «كونا ئەھدە»

www.uyghurkitap.com

دىن ئىبارەت تەۋرات پەيتۇكلىرى ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىلىرىدىن تەركىب تاپقان دىن دەستۇرىدا سۆزلىنىدىغان ئاساسلىق مەزمۇنمۇ يەنە شۇ ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقى ۋە بۇھەقتىكى شىرىن خىياللار بىلەن تولغان. شۇڭا مىسىرلىق قىبىت (مىسىرنىڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىسى ۋەھازىرقى ئەرەبلەشمىگەن، ئىسلاملاشمىغان يەرلىك خىرىستىيئانلارنى كۆرسىتىدۇ- ت) يازغۇچى، دوكتور نەزمى لوكا نىڭ ئۆزىنىڭ «مۇھەممەد: پەيغەمبەرلىك ۋە پەيغەمبەر توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە: «يەھۇدى دىنى يەھۇدىلاردىن ئىبارەت بىرلا خەلقنىڭ دىنىدۇر» دېيىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۆز دەۋرىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام چاقىرىق قىلغان تەۋھىد ئەقىدىسىنى يەھۇدىلارنىڭ تەۋراتىدا تاپقىلى بولمايدۇ، تەۋراتتا الله نىڭ ئوبرازى ئېغىر دەرىجىدە خۇنۇكلاشتۇرۇۋېتىلگەن، ئۇنىڭغا نادانلىق، قورقۇنچ، ھەسەد، ئاجىزلىققا ئوخشىغان ئىنسانلاردا بولىدىغان كەمچىلىك سۈپەتلىرى چاغلانغان («نىسبەت بېرىلگەن» دەپ ئەبجەش گەپ قىلىش ئورنىغا چاغلانغان دېسەكمۇ بولىدۇ! - ت)، تەۋراتنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» قىسمىنى ئوقۇغانلار بۇنى ياخشى بىلىدۇ.

ئۇلارتەۋراتتا الله ئىنسانلارغا يېتەكچى، بىلدۈرگۈچى قىلىپ ئەۋەتكەن ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەرنىڭ نامىنى بۇلغاپ، ئۇلارغا تۈرلۈك بوھتان - ياللارنى چاپلاشتى، ئۇلارنىڭ يالغان - ياۋىداقلىرى بىلەن باشقىچە كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالغان بۇئۇلۇغلار بۇ ئوبرازلىرى بىلەن كىشىلەرگە ئۈلگە- نەمۇنە بولغۇسىز بىر ھالغا چۈشۈپ قالدى. ھەتتا بەزى پەيدا گوگ- تەربىيەتچىلەر تەۋراتتىكى ئەخلاقا يات، ناچار مەزمۇندىكى ھېكايىلەرنىڭ سەلبى تەسىرىنى كۆزدە تۇتۇپ ياش- ئۆسمۈلەرنى ئۇنى ئوقۇشتىن چەكلىگەن ئىشلارمۇ بولدى.

تەۋرات شەرىئىتىمۇ ئوخشاشلا مىللەتچى شەرىئەت بولۇپ، باشقىلارغا ھارام بولغان ئىشلار يەھۇدىلارغا ھالالدۇر، مەسىلەن جازا نە قىلىشقا كەلسەك، بۇ يەھۇدىلار ئارا ھارام بولغان بىلەن يەھۇدى بولمىغانلار بىلەن جازانە قىلىش ئۇلارغا ئېقىنسۇدەك ھالال.

تىخى ئۇلارنىڭ مەككارلىق دەستۇرى بولغان «تەلمۇد» قا كەلسەك، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە بولغاندا، يەھۇدىلار دىن نامى ئاستىدا خۇددى ھازىرقى مافىيە (قاراقول گوروھى) لەرگە ئوخشاش تۈرلۈك زوراۋانلىق، تىرورلۇق ۋاستىلىرى بىلەن يەھۇدى بولمىغان ۋە يەھۇدىلارغا تەرەپدار بولمىغان بارلىق ئىنسانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش، مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالاشقا تەييار تۇرىشى كىرەك. چۈنكى باشقا خەلقلەر يەھۇدىلارغا قۇل بولۇشى، ئۇلارغا خىزمەت قىلىشى، يەھۇدىلار دۇنياغا خوجا بولۇپ، يەھۇدىلار سۆزى بويىچە ھايۋانلاردىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىغان ئەشۇ خەلقلەرنى بىر ئۆزى باشقۇرۇشى كىرەك. دىمەك، ئىنسانلار ئارا بولىدىغان ئورتاقلىق، باراۋەرلىك، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ گۆركارى بولۇپ قالغان بۇدىن ھىچ قانداق قىلىپ دۇنياۋى دىن بولۇشقا، دۇنيا خەلقلىرى تۇرمۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا يارىمايدۇ، ئۇنىڭ باشتىن - ئاخىرغىچە بولغان تۈپ نىشانى يەھۇدىلارنى دۇنياغا ھۆكۈمران قىلىش. ھىلىغۇ يەھۇدىلار ھازىرغا قەدەر بارلىق ئىنسانلارنى ھەق يولغا يېتەكلەپ ماڭىدىغان بىرەر بۇرچمەنلىككە ئىگە بولغىنى يوق، ئەگەر ئىگە بولىدى دىگەندىمۇ ئۇلار ئۆزىدىكى شەخسىيەتچىلىك، ئايرىمچىلىق، ئىنسانلارغا بولغان ئۆچمەنلىك، ئاچكۆزلۈك، باشقىلارنى ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا ئامراق بولۇشتەك ئەجەللىك ئىللەتلىرى تۈپەيلى بۇنداق بىر دۇنياۋى بۇرچىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان بولاتتى. بىز «زىئون دانىشمەنلىرىنىڭ بىتىملىرى» دىكى مەزمۇنلارغا، ھەمدە بۈگۈنكى كۈندە پەلەستىن، لىۋانلاردا مانا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇشۇ يەھۇدىلارنىڭ قوللىرى بىلەن قىلىنىۋاتقان ۋەھشىيانە قىرغىنلار، ئادەم ئىشەنگۈسىز جىنايەتلەر، زورلۇق - زومبۇلۇقلارغا كۆزتىككىنىمىزدە، بۇ يەھۇدى دىگەنلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ نىجاتكارلىرى ئەمەس بەلكى ئۇلارنىڭ ئەشەددى دۈشمەنلىرى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىپ قالىمىز. يەھۇدىلارنىڭ زەكەرىيا، يەھيا، ئىيسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملار بىلەن ئۆتكەن قانلىق تارىخىمۇ ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا بۇرچمەنلىك (يىتەكچىلىك) قىلالايدىغانلاردىن ئەمەسلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. يېغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بىرپۈتۈن تارىخى ئىغۋاگەرچىلىك، بۆلگۈنچىلىك قىلىش، بۇزغۇنچى پىكىرلەرنى ئەۋج ئالدۇرۇش، چۈشكۈن ئىدىيە ئېقىملىرى، بۇزغۇنچى پەلسەپىلەرنى پەيدا قىلىش ۋەئۇلارنى تارقىتىش بىلەن تولغان بۇخەلق ئىنسانلارنى زۇلمەت قوينىدىن قۇتقۇزۇپ يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقالمايدۇ، چۈنكى ھىچ قانداق بىر نەرسە ئۆزىدە يوق نەرسىنى ئۆزگىگە بېرەلمەيدۇ ، خۇددى قارغۇ بىراۋغا يول باشلاپ ماڭالمىغاندەك .

# ئىسلامدىن باشقا قۇتقازغۇچى يوق

بىز يۇقىرىدا ئىلىم - پەن، پەلسەپەلەرنىڭ ئورتاق ھالدا ئىنسانىيەتنى بۈگۈنكى كۈلپەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇش رولىنى ئۆتىيەلمەيدىغانلىقىنى، بۇيەردە پەقەت دىنلا بىردىنبىر قۇتقازغۇچى بولالايدىغانلىقى، شۇنداقتىمۇ خرىستىئان ۋە يەھۇدى دىنلىرىنىڭ ھەربىرى مۇستەقىل دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ رولنى ئۈستىگە ئېلىشتىن ئاجىز كېلىدىغانلىقىنى پاكىتلار بىلەن بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى قارايدىغان بولساق، بۇ قىيىن رولنى ئىسلامدىن ئۆزگە بىر دىنىنىڭ ئۈستىگە ئالالىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ يەتمەكتىمىز. ئۇنداقتا زامانىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسى بۇۋەزىپىنى تەلەپكە يارىشا ئورۇندىيالامدۇ؟ ئەگە ئورۇندىيالىسا بەلگىلىك ساندىكى تەرغىباتچى ۋە تەرەپدارلار ئاساسىغا ئىگە ھەرقايسى ئىسلام ئىدىيەئېقىملىرى ئىچىدە زادى قايسى ئىقىم نۆۋەتتىكى بۇ ۋەكىللىك ئورۇنغا چىقىشنىڭ نامزاتلىق سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىسلام دۇنياسىدىكى غوللۇق يەتتە ئېقىم توغرىسىدا

بىز تۆۋەندە ئەستايىدىل، پرىنسىپال مەيداندا تۇرۇپ نۆۋەتتە ئىسلام دىنى نامىدىن سۆز ئېچىۋاتقان، ئىسلامنىڭ تۈرلۈك ئىشلار بويىچە قوللاش ياكى قارشى تۇرۇش، ياخشى كۆرۈش ياكى ئۆچ كۆرۈش پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەپ كېلىۋاتقان ئاساسلىق ئىدىيىۋى ئېقىملارنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ ئۆتىمىز. ئىسلام پائالىيىتى ساھەسىدە قاتار ئالغان ھەرقايىسى چوڭ ئېقىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامنى ئاڭلىتىش ـ ئىپادىلەشتىكى خاس تەرەپلىرىنى ئۇگۇنۇپ چىققىنىمىزدا، ئۇلار ئومومەن تۆۋەندىكىدەك يەتتە ئېقىم ھالىدا كۆزگە چېلىقىدۇ . بىز بۇ يەتتە ئېقىمنىڭ ئالتىسىگە تۈپتىن قارشى تۇرىمىز، چۈنكى بۇ ئالتە ئېقىم بىزنىڭ تونۇشىمىز ۋە چۈشەنچىمىز دىكى ھەقىقى ئىسلامنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بىز ئۇلاردىن پەقەت بىرلا ئېقىمغا ـ ئىسلام مەدەنىيلىك ئېقىمغا ئىشىنىمىز ھەمدە ئۇنىڭغا چاقىرىق قىلىمىز. بىز تۆۋەندە بۇئېقىملارنى ئۇلارنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە قىسقىچە بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. بىز ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى شۇنىڭ تۈپكى خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرخىل ئاتالغۇ ئاستىدا بايان قىلدۇق، ئېنىقكى، بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئوبيېكتى بولۇۋاتقان شۇ كىشىلەر بۇ چاققا قەدەر ئۆزلىرىنى بۇنداق ئاتاپ ئاتاپ باقمىغان؟

# تارىخنى كۆشەش ئېقىمى

بۇ ئېقىمدىكىلە تۈگەل ئىشتا ئۆتمۈشنى كۆشەيدۇ. ئاللىبۇرۇن چاپىنىلىپ، ھەزىم قىلىنىپ بولغان ئۆتمۈشنى يەنە يىڭىباشتىن چاپىنايدۇ، يا ئۇنىڭغا يىڭى بىرنەرسە قوشمايدۇ. مەلۇمكى ، كۆشىگۈچى ھايۋانلاردا بولىدىغان كۆشەشنىڭ پايدىسى كۆپ. ئۇلار ئادەتتە تىز يەپ تاشلىغان، ياخشى چاپىناپ يۇتمىغان يەملەرنى ئېغىزىغا قايتۇرۇپ كېلىپ يەنە يىڭىۋاشتىن ئالدىرىماي چايناپ يۇمشىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يىيىلگەن يەمنىڭ سىڭىشى ياخشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەمما ئۆزىمىزدىن بۇرۇنقى زامانلاردا ئاللىبۇرۇن ھەزىم قىلىنىپ بولغان پىكىرلەرنى يەنە يىڭىدىن كۆشەشكە تۇرۇشتەك پىكرى كۆشىمەچىلىككە كەلسەك بۇتولىمۇ يارىماس ھەمدە ئەھمىيەتسىز بىر ئىش. كۆشەش دىگەن بۇئىش ھايۋانلار بىلەنلا كەتكىنى تۈزۈك، ئەگەر ئىنسانلاردا بۇئىش بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئۇلارغا ھىچبىر پايدىسى بولمايلا قالماي بەلكى ئۇ ئەل ـ ئۇلۇسقا زىيانلىق، چۈنكى بۇئىش ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى بىھۇدە خورىتىۋىتىدۇ. بۇيەردە ھەقىقى پايدىسى تېگىدىغان ئىش ـ ئۆتمۈشنى، ئۆتمۈشلۈك مىراسلارنى يىڭى نەرسىلەرنى يارىتىشقا خىزمەت قىلدۇرۇشتۇر. بۇ دىگەنلىك، ئۆتمۈش ۋە ئۆتمۈشلۈك مىراسلار ئىسلام ئۈممىتىنىڭ تۈپ گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىپ تۇرغان مەڭگۈلۈك ئۇللۇق (ئاساس)لار، مۇقىم غايە ـ يەتكۈلەرگە خىزمەت قىلىدىغان يىڭى ئۇسكۈنە، قۇرۇلمىلارنى ياساپ چىقىش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان، دەۋر ئىھتىياجىغا ئەگىشىپ بىر قىسىم يىڭى ماتىرىياللارنى ئۆز تەركىبىگە قوشۇپ بارىدىغان بىر خام ماتىريال زاپىسىدۇر. كۆشىمىچىلىك ئېقىمدىكى بۇ كىشىلەر ئىشلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇستىدە ھەمىشە بۇرۇنقى ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئەقلى بويىچە پىكىر يۈرگۈزىدۇ، ھازىرقى رېئال ھاياتتا ئۇچرايدىغان ھەر خىل مەسىلە ـ تاقاشمىلارغا نوقۇل ئۆتمۈشتىكى دىنى بىلىملەر يېغىندىسى ئارىسىدىن قارايدۇ. ئۇلار دەۋرىمىزنى شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولدۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ھەرخىل ئېقىم، يۈزلىنىشلەرگە، ھەل قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان نۇرغۇن ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئۇلار پىكىر قىلىشتا ئەسكىچە( كونىچە)، سۆزقىلىشتا ئەسكىچە، يول تۇتۇشتا ئەسكىچە ، ئىشقىلىپ، ھەممە جەھەتتە بىر خىل ئەسكىچىلىكنى، كونىلىقنى ئۆزىگە يېپىشتۇرۇۋالغان. ئۇلارچە بولغاندا، ئاشۇ قەدىمى كىتابلاردا بارلىق سۇئالنىڭ جاۋابى، تۈگەل قىيىنچىلىقلارنىڭ چارىسى بار. توغرا، بىز بۇرۇن ئۆتكەن ئىمام ـ يولباشچى، فەقىھ، دانىشمەنلىرىمىزنىڭ كىيىنكىلەرگە قىممەتلىك بىلىملەرنى، ھۆكۈم ئېلىش ۋەھۆكۈم بېرىشتە قوللىنىلىدىغان تۈرلۈك ئەندىزە قائىدە ـ بەلگىلىمەلەرنى ئىشلەپ چىقىش، يېغىپ توپلاش، ھەرخىل دەلىللەش مېتودلىرى، مول مەزمۇنلۇق سۆز ـ بايانلار بويىچە بىر باي مىراسنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەت ئۇستىدە ھېچكىم بىلەن دە ـ تالاش قىلمايمىز. بىراق، ئۇلار دىن ھۆكۈملىرى ئۇستىدە ئىزدەنگەن، ئىجتىھاد (ھۆكۈمسازلىق ـ دىن بەلگىلىملىرى بويىچە يېڭى، ئىزدەنمە ھۆكۈملەرنى تۇرغۇزۇش ـ ت) قىلغان بولسا بىز ۋە بىزنىڭ زامانىمىز ئۇچۇن ئەمەس بەلكى ئۆز زامانىسى ئۇچۇن، بىزنىڭ مۇھىتىمىزنى چىقىش قىلىپ ئەمەس بەلكى ئۆز زامانىسى مۇھىتىنى چىقىش قىلىپ؛ بىزنىڭ قىيىنچىلىق، مەسىلىلىرىمىزنى ئەمەس بەلكى ئۆز دەۋرى تېمىلىرىنى، مەسىلىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىجتىھاد قىلغان، ئىزدەنگەن. دەل شۇنداق بولغان ئىكەن، بىزمۇ ھەم خۇددى شۇلار قىلغاننىڭ ئوخشىشىنى قىلىپ ئۆز دەۋرىمىز ۋە مۇھىتىمىزغا كۆرە ئىجتىھاد ـ ھۆكۈمسازلىق

ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. بىز بۇ ئېقىمنى بويلاپ كېتىۋاتقانلارنىڭ: «بۇرۇنقىلار باشقىلارغا ئىزدەنگۈدەك ھېچ ئىشنى قالدۇرمىغان» دېيىشلىرىگە تۇپىدىن قارشى تۇرىمىز. ئەمەلىيەتتە، ئىلگىرىكىلەر كېيىنكىلەرگە ئىزدىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئاق ساھەلەر، تولدۇرۇشقا تېگىشلىك تالاي بوشلۇقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بىز تەبىئىي پەنلەر ساھەسىگە قارايدىغان بولساق بۇنى ياخشى ھېس قىلىمىز. خوش، ئۇنداقتا، ئۇلار قالدۇرغان شۇ ئاق ساھەلەر ۋە بوشلۇقلار ئىلىم-پەن ساھەسىدە بولغانغا ئوخشاش شەرىئەت پەنلىرى ساھەسى بويىچىمۇ نىمىشقا بولمىغۇدەك؟ بولۇپمۇ، بۈگۈنكىدەك تۇرمۇش شەكىللىرى ئۆتمۈشتىكىدىن زور دەرىجىدە پەرق ياسىغان، بۇ ئەھۋال نۇرغۇن دانا ئالىملىرىمىز تەن ئالغىنىدەك فەتۋا-كۆرسەتمىلەرنىڭمۇ ئۆزگىرىشىنى كەسكىن تەلەپ قىلىۋاتقان بىر دەۋردە. نۇۋەتتىكى بۇ ئىجتىھادچىلىق، يىڭىلىق يارىتىش يالغۇز فىقھ (دىنىي بەلگىلىمىچىلىك) ساھەسىدىلا بولۇپ قالماستىن يەنە ئەقىدە (ئىسلام دۇنيا قاراش سىستېمىسى)، كالامچىلىق (دىنى ھەقىقەتلەرگە پەلسەپە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ دەلىللەش ئېلىپ بارىدىغان پەن) ساھەلىرىدىمۇ ھەم بولىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر كىشىلەر بۈگۈنكى دەۋر تىلى بىلەن بايان قىلىنغان كالام ئىلمى بىلىملىرىگە تولىمۇ مۇھتاج بولۇپ تۇرماقتا.

## ئۆز ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ئېقىمى

بۇ ئېقىمدىكى كىشىلەر ئىسلام مىللىتىنىڭ ئۆز مىللىي ئۆزلۈكى، خاسلىقىدىن ۋاز كېچىپ، دىن، دىنىي سالاھىيەت، شەرىئەت ھەممىدە ئىلاھى يېتەكچىلىك دىگەنلەردىن ئادا - جۇدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ، دۇنيادا قايسى مىللەت ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ تەرەققىي تاپقان، ماددىي مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئەڭ ئالدىدا بولسا شۇ مىللەتكە قوشۇلۇپ كېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ تايىنىدىغان نەزەرىيىسى «ھەر قانداق بىر مەدەنىيەت بىر پۈتۈن بولىدۇ، بۆلۈنمەيدۇ، شۇڭا ھازىرقى زامان غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشتىمۇ ئۇنىڭ پەن - تېخنىكا قىسمىنىلا قوبۇل قىلىپ قالغان قىسمىنى قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇنى ھامان قوبۇل قىلغان ئىكەنمىز ئۇنىڭ پەلسەپىسى، ئەخلاق ئۆلچەملىرى، ئىدىيىۋى چۈشەنچىلىرى، تەلىم - تەربىيە ئۇسۇللىرى، قانۇن - تۈزۈملىرىدىن تارتىپ بىر پۈتۈن ھالدا قوبۇل قىلىش كېرەك. مەدەنىيەت قوبۇل قىلىشتا قوبۇل قىلىنىدىغان مەدەنىيەتنىڭ ئاچچىقىنىمۇ، تاتلىقىنىمۇ، ياخشى يېرىنىمۇ، يامان يېرىنىمۇ ئورتاق قوبۇل قىلمىغاندا كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايلا قالماي يەنە شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىگىلىرىگە تەرەققىياتتا يېتىشىۋالغىلى بولمايدۇ» دەيدىغان لاۋزا سەپسەتىدىن ئىبارەت. بىز بۇئېقىمنى «ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرگۈچىلىك» دەپ ئاتىدۇق. چۈنكى ئۇلار ئالغا سۈرۈۋاتقان مىللەتتىكى مۇسۇلمانلىق سالاھىيەتنى، مىللىي ئۇدۇم - ئەنئەنىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، مىللەتنى ئۆزگە مىللەتتىن پەرقلەپ تۇرىدىغان مىللىي كىملىك، مىللىي ئۆزلۈكنى يوققا چىقىرىشنىڭ ئۆزى ھېچ يەرگە بارماي مانا شۇ ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشايدۇ. ھەربىر مىللەت ئۆزىنىڭ پۈتۈن بىر مىللەتلىك ئورنىغا يارىشا ھەرقاچان ئۆزىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ ھەدىسە خۇددى تۇز سۇدا ئېرىپ كەتكەندەك باشقىلارغا سىڭىپ كېتىۋەرسە، ئۇنىڭ ئايرىم بىر مىللەت دەيدىغان نىمىسى قالىدۇ؟ بۇ، ماھىيەتتە بىر مىللەتنىڭ ئۆلگەنلىكى ئەمەسمۇ؟ بولۇپمۇ دىنى، ئەخلاقى، مەدەنىي خاراكتېرىگە ئىگە بىر دۇنياۋى

بۇرچەنلىك (مەسئۇلىيەت) ئىگىسى بولغان بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق ئىش ئەڭ چوڭ ئۆزىنى ئۇنتۇش ۋە ئىنكار قىلىش جىنايىتى ئەمەسمۇ؟

بىر مەدەنىيەتنىڭ بىرقىسمىنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىنى قوبۇل قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدىغانلىقى تارىختىن بۇيان ئىزچىل ئىسپاتلىنىۋاتقان بىر ھەقىقەت. غەربلىكلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇلار ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى روھىيەت، ئەخلاق، قانۇنچىلىقتا دائىر تەركىبلەرنى قالدۇرۇپ قويۇپ پەقەت ئۇنىڭدىكى تەجرىبىچىلىك ئىلمىي تەجرىبە يوللىرى، ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلدى. زامانىمىزدىكى ياپونىيىمۇ دەل غەربلىكلەرنىڭ شۇ ئۇسۇلىنى قوللۇنۇپ، غەربنىڭ پەن - تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ ئىدىئولوگىيىسى، قىممەت قاراشلىرى، ئەنئەنە - ئۆدۈملىرىنى قوبۇل قىلمىدى.

نۆۋەتتىكى مىللىي ئىنكارچىلىك ماھىيىتىنى ئالغان ئۆز ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈچىلىك ئېقىمىنى تەشكىل قىلىۋاتقانلار ئوڭقانات لىبرالىزىمچىلاردىن تارتىپ سولقانات ماركىسىزىمچىلارغا قەدەر بولغان، تۈرلۈك پەلسەپىۋى خاھىشلارغا ئىگە بىرقاتار غەربلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچى گۇرۇھلار بولماقتا. ئۇلار ئۆز - ئارا بەلگىلىك پەرقلەرگە ئىگە بولسىمۇ ئەمما ئىسلام مەنبەچىلىكىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بىرنوقتىدا ئۇلارنىڭ مەيدانى بىردەك. ئۇلار ئورتاق ھالدا مىللەتنى ئۆز تارىخىي سالاھىيىتىدىن چىكىنىپ چىقىشقا، ئۆزىدىن كېچىشكە، تەپەككۇر، قىممەت قاراش، تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن تارتىپ ھەممىدە باشقىلارغا تاپ بىسىپ ئەگىشىپ مېڭىشقا چاقىرىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەرى مىللەتنىڭ تۈپلۈك ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭدىكى ئەلچىلىك بۇرچى، مەدەنىيەت، مائارىپىنىڭ قىممىتىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇلارچە بولغاندا، مىللەت غەربكە

ئەگەشمەي، بارلىق نەرسىنى غەربتىن قوبۇل قىلماي، ئەنئەنە يولىدىن كېتىۋەرسە ھېلىغۇ تەرەققى قىلىش ئىكەن نورمال ھايات كەچۈرۈشىنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. خەيرىيەتكى، ئۇلار ئۆز تەشەببۇسلىرىدا غەربنىڭ ماددىي ئۈسكۈنە-جابدۇقلىرى، تۇرلۇك ئىشلەپچىقىرىش ئەپ - چارىلىرىنى قوبۇل قىلىشنىڭلا گېپىنى قىلغان بولسا ئىدى، بىز بۇنىڭغا تامامەن قوشۇلغان بولاتتۇق. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ كۆزلەيدىغىنى غەربنىڭ تۇرلۇك پەلسەپە چۈشەنچىلىرى، قىممەت قاراشلىرى، تۈپ ئۆلچەملىرىدىن تارتىپ قوبۇل قىلىپ مىللەتنى ئۆز ئۆزلۇقى، يىلتىزىدىن مەھرۇم قالدۇرۇشتۇر. ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇ رەزىل نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن تۇرلۇك ھىيلە- نەيرەڭلەرنى ئىشقا سالىدۇ. ئۇلارنىڭ تاھا ھۈسەيىن، سالامەت مۇسالارغا ئوخشاش بىرقىسمى ئىسلام مەنبەچىلىكىگە ئوچۇقتىن ئوچۇق قارشى تۇرغان ۋە تۇرۇپ كېلىۋاتقان بولسا، يەنە بىر قىسىملىرى يۇقارقىلادىن پەرقلىقرەك بولغان قايمۇقتۇرما ئۇسۇللار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىردە قۇرئان ۋەھەدىس تېكىستلىرىنىڭ ئاللىبۇرۇن تارىخقا ئايلىنىپ قالغانلىقى توغرىسىدا گەپ ساتسا، بىردە قۇرئاننى ئوقۇشتا ھەدىسچىلىك ، تەپسىرچىلىك، يوسۇن-بەلگىلەكچىلىك (فىقھە) ساھەسىدە ئومۇم بىرلىككە كەلگەن كىلاسسىك ئۇسۇلغا تايانماستىن بارلىق قەدىمى ئۇسۇل-رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ بىر خىل يېڭىچە، زامانىۋى ئۇسۇل قوللىنىش كېرەكلىكىنى، دەل مۇشۇنداق ئوقۇش مۇھىتىدىلا ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشى ئىلھام - زەۋق ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئورتىغا قويدى. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا قۇرئاندىكى مۇھكەمات (ئۇقۇمى ئېنىق ئايەتلەر) لاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ مۇتەشابىھات (ئۇقۇمى ئېنىقسىز ئايەتلەر) گە ئېسىلىۋالدى. قاراتمىلىقى كەسكىن بولغان ھۆكۈملەرنى بۇرمىلىدى؛ مىللەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ ساغلام ھالەتتە

ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ قانداقتۇر بىر ئازغۇنلۇق ئۈستىگە ئۇيۇشمىغانلىقىدىن ئىبارەت چوڭ ئەمەلىيەتنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار ئويلىغاندەك بولغىنىدا ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆز قىزىقىشى، كۆز قارىشى، خاراكتېرى بويىچە بىردىن يېڭى دىن تۈزۈش ھوقوقى بار بولىدىغان بولاتتى – دە بارلىق كىشىلەر بىرلىكتە ئۇيۇشقۇدەك ۋە ئەقىدە قىلغۇدەك ئورتاق بىر دىنمۇ بولماي قالاتتى، چۈنكى بۇيەردە ئادەملەرنىڭ ئىگىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان ، يولدىن تايغانلارنى توغرا يولغا قايتۇرۇپ كېلىدىغان ئاساسلار مەۋجۇت بولمايتتى.

مانا بۇ ئۆز- ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈچىلىك يولىغا كىرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئىسلامچە ھاياتتىن ۋاز كېچىپ، غەربكە چوقۇنۇپ يۈرگەن بىر توپ كۆرەڭ تەلۋىلەر تەشكىل قىلماقتا. مۇھەممەد ئاركون، مۇھەممەد شەھرۇر، نەسر ئەبۇزەيد، سەئىد ئەشماۋىي ۋە باشقا غەربپەرەستلەرنى ئۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن دەپ بىلىش مۇمكىن.

## غەربدىن كەمسىنىش ئېقىمى

بۇ ئېقىمدىكىلەر ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق پەلسەپىۋىي تونۇشلىرى، قىممەت قاراشلىرى، چۈشەنچە، تۈزۈملىرىنىڭ ھەممىسى غەرب ئېڭى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن بىردەك ماسلىشىپ مېڭىشى كېرەك، دىگەن قاراشنى ئالغا سۈرۈش بىلەن ئىسلام دىنىنى بىر گىپى يوغان دەۋاگەر نىڭ ئالدىدا تۇرغان بىچارە جاۋابكارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ . ئۇلارچە بولغاندا ئىسلام دىنىدىن قانداقلا بىر نەرسە غ ەربنىڭ بىرەر ئۆلچىمىگە خىلاپ كېلىپ قالىدىكەن ئۇئىسلامنىڭ يېتەرسىزلىكى، كەمچىلىكى بولۇپ قالىدۇ، ئۇنداقتا بۇنداق كەمچىلىك ۋەيېتەرسىزلىكنى بىرەر

www.uyghurkitap.com

باھانە- سەۋەبلەربىلەن يىپىش كېرەك. ئۇلارشۇنداق قارىغانلىقتىن ئاياللار ساھەسى بويىچە ھىجاب (رومال ياكى ئورانچە) مەسىلىسىگە، ئائىلە بويىچە تالاق ۋە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسىلىسىگە، ئىقتىسادى ساھەدە جازانە مەسىلىسىگە، ئەللەر ئارا دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا جىھاد مەسىلىسى ۋە باشقا تۈپلۈك ئىسلام مەسىلىلىرىگە قارىتا ئېغىر جازاغا ئۇچراش ئالدىدا تۇرغان جاۋابكارنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ئادۋوكاتنىڭ ئورنىنى ئالدى.

ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسىملىرى بولسا ئېخىمۇ پاسسىپ بولغان غەرب ۋە غەرب قىممەتلىرىنى ئاقلاش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ، غەربلىكلەرنىڭ بىزنىڭ زېمىنىمىز ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىش- ھەركەتلىرىگە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىمىزنى بېسىۋېلىپ بىزنى مۇستەملىكە قىلىشلىرىغا شەرىئەتتىن ئاساس تاپماق، دىنى پەتۋالار بىلەن چاپان ياپماقچى بولۇشتى. ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ياۋروپالىق ياكى ئامېرىكىلىق ئەپەندىگە مۇسۇلمانچە سەللە كەيگۈزمەكچى بولۇشتى. مانا بۇئىش بىردە ئۆزىنى كۆلكىگە قويۇش بولسا، بىردە ساددا كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئەمەسمۇ؟ بۇنداق غەربدىن كەمسىنىش، غەربنى ئاقلاش ئېقىمى 20- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ تاھازىر غىچە ئۇنىڭ ئۇنى ئۆچكىنى يوق. نۆۋەتتە، بانكا ئۆسۈمى ۋە جازانىنى ھالال قىلماقچى بولۇپ شەرىئەت ساھەسىدە جاڭجال چىقىرىشىپ يۈرگەنلەر، ھاراقنى ھالاللاشتۇرۇش ياكى شەرئىي جازا قانۇنلىرىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن تىنىمسىز دە- تالاش قىلىۋاتقانلار، ۋە يەنە مۇسۇلمان ئاياللارنى رومال ياكى ئورانچىسىز قويماقچى بولۇۋۇپ ئۇنۇمسىز غەۋغا پەيدا قىلىۋاتقانلار دەل مانا مۇشۇ غەربدىن كەمسىنىش ۋە غەربنى ئاقلاش ئېقىمىنى تەشكىل قىلماقتا.

# ئۆتمۈشكە ھەۋەسمەنلىك ئېقىمى

يۇقارقى غەربىدىن كەمسىنىش ئېقىمى بىر خىل سولچىل ئاغمىچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان بولسا، ئۇنىڭغا تۈپىدىن قارشى مەيداندىن چىقىدىغان بۇ ئېقىم ئوڭچىل ئاغمىچىلىق خاراكتېرىنى ئالغاندۇر. چۈنكى بۇئېقىمدىكىلەر ئۆتمۈشكى ئىسلام ۋە ئىسلام تارىخى، ئىسلام مائارىپى، ئىسلام مەدەنىيىتى، بۈگۈنكى كۈندىكى ئىسلام ئويغۇنۇش ھەركەتلىرى توغرىسىدا ئىغىز ئاچىدىغان بولسا بولۇشىچە كۆرەڭلىك، پوچىلىق قىلىشقا ئامراق كېلىدۇ، ئۇلار ھەدىسە ئىسلام تارىخىدىكى بۈيۈك سەلتەنەتلەر، شانۇ - شەۋكەتلەر، ئىسىل ئۆرنەكلەر توغرىسىدا ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيدۇ - يۇ ئەمما دەل شۇلۇغۋار تارىخ قوينىدا كەچكەن، بىزھازىرقى كۈندىمۇ تىخى ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ بولالمايۋاتقان، بىزنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىمىزنى ۋەيران قىلغان، نەتىجىدە بىزلەرنىڭ ئىنسانىيەت كارۋىنىنىڭ ئەڭ كەينىدە قىلىپ، 3 - دۇنيا ئەللىرى ياكى دىگۈدەك بولسا 4 - دۇنيا ئەللىرى قاتارىدا سانىلىپ نومۇس يەپ يۈرۈشىمىزگە سەۋەب بولغان تالايلىغان دىنى، ئەخلاقى، ئىدىيۋى كەمچىلىكلەر، ئەيب - نۇقسانلار، ئاپەت- زىيانداشلىقلارنى كۆرمەسكە سالىدۇ. ئىلگىرلەپ ئەيتقاندا، ئۇلار كۆزدىن ساقىت قىلىۋاتقان ئەشۇ تارىخ مەرەزلىرى بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە باشقىلار سىلىقلاپىراق «تەرەققى قىلىۋاتقان ئەللەر» دەپ ئاتاۋاتقان قالاق ئەللەردىن بولۇپ قىلىشىمىزغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. مەن بۇيەردە بۇنداق دەپ ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزنى چۆكۈرمەكچى ئەمەسمەن. دىمىسىمۇ تارىختىن بۇيان ئەگەر لايىقىدا، دىنىمىزدا بۇيرۇلغاندەك ئىشلىتەلىسەك، شۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن بىرگە سۆزنى ھەركەتكە، تەسىراتنى ئىش- ئەمگەككە، قۇرۇق دە - دەتالاشنى ئەمىلى ئىشلەشكە، دورامچىلىقنى يىغىلىق يارتىشقا، ماكان جەھەتتەمىللەتتىن، زامان جەھەتتە دەۋردىن ياتلىششنى ئۇدۇمسۆيەرلىك (ئەنئەنىۋىلىك) كە، ئىجاتچانلىق، بەرپاچىلىقا ئايلاندۇرالىساق دۇنيا ئەللىرىنىڭ سەركىسى بولۇپ ماڭغۇدەك نى ئىقتىدار، سالاھىيەتلەر بىزدە ئوبدان بار ئىدى. بىز ئەگەر نىشاننى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، نىيەتنى خالىس، تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ ، بىردەك ئىتتىپاقلاشقان ھالدا، چىن دىلىمىزدىن ئۆزىمىزنى ﷲ قا تاپشۇرۇپ، بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى خاتالىقلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، باشقىلارنىڭ تەجرىبە- ساۋاقلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ ئۆلگۈرسەك، بىزنى ئىنسانلار تارىخىدا ئەسلىنەرلىك ئورۇنغا ئىگە قىلىدىغان ماددىي قۇدرەت، ئىنسانىي قۇدرەت، تارىخىي قۇدرەت، روھىي قۇدرەتلەرنىڭ بەرى بىزدە تەل بولغان بولاتتى، بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزنى ئوبدان بىر تۈزىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، ئەلبەتتە .

ئۆتمۈشكە ھەۋەسمەنلىك قىلىش بىلەن گىدىيىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى قايسىبىر ئىسلامىي جامائە ياكى تەشكىلاتلارغا مەنسۇپ بولغان بىرقىسىم ھىسسىياتچان، ھاياجانچى ئىسلام تەرغىباتچىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە ئىسلام ساۋاتلىرى، ئىسلام مائارىپى، مەدەنىيىتى، تارىخى بويىچە سىستېمىلىق بىلىم ئالمىغان ، شۇنداقلا باشقىلارنى دىيەرلىك چۈشەنمىگەنلىكتىن ئۆزىمىزنىڭ بارلىق نەرسىسىنى قىزىل گۈل، باشقىلارنىڭ بارلىق نەرسىسىنى تىكەن كۆرۈپ يۈرىدىغان كىشىلەردۇر، ئەپسۇسكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى ھەممىگە تاۋاپ قىلىپ خاتا پىكىرلەر ئىلكىدە ئۆزىنى گول قىلىپ يۈرمەكتە.

## تار ئەمەلچىلىك ئېقىمى

بۇلار، ئىسلام دىنىنى بىر قۇرۇق شەكىل، جانسىز كۆلەڭگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى پەقەت ناماز ۋە ئەقىدە ساھەسى بىلەنلا چەكلەپ قويىدۇ، ئىسلامنىڭ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، مىللەتنىڭ قەددىنى تىكلەش، دۇنيا ئىنسانلىرىنى توغرا يولغا يېتەكلەش، ھاياتنى يېڭىلاشتىكى بۈرچىغا چېتىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى يوققا چىقىرىدۇ.

ئۆتمۈشتە بىرقىسىم مۇسۇلمانلار دىن ئىشلىرىدا تۈرلۈك بىدئەتلەرنى پەيدا قىلىپ «دىنغا يوقنى قوشۇش» بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، ئەمدى بۇلار «دىندا بارنى كېمەيتىش» شامىلىنى چىقىرىپ دىنىنىڭ تۈپ نىگىزى ھېسابلىنىدىغان بىرقىسىم مەزمۇنلارنى دىندىن چىقىرىپ تاشلىماقچى بولۇشماقتا. ھالبۇكى بۈيۈك پەرۋەردىگار قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنىڭ بىزگە دىنىنى قوشۇلماس ۋە كېمەيتىلمەس تەرزدە تولۇقلاپ ۋە مۇكەممەللەپ بېرىپ بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلارم دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم» (مائىدە سۈرەسى: 3 ـ ئايەت)، دېمەك بۈيەردىكى پۈتۈنلەش قوشۇش ياكى ئېلىۋېتىشنى قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدىكى مۇكەممەللىكنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئېقىمدىكىلەر ئىسلامنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى بولمىغان ئەقىدە، دەۋلەت كۈچى يوق تەرغىبات، كۆرەش قىلىنمايدىغان تىنچلىق، كۈچسىز ھوقۇق ، تۇرمۇشقا ئارىلاشمايدىغان ئىبادەتگۈيلۇق، تالاقى بولمىغان نىكاھ، بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغان بىر ئاخىرەت دىنى بولۇشىنى ئىستەيدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاپ، ئۇنى ماھىيىتى خىرىستىئانچە ئەمما نامى ئىسلام بولغان بىر يېڭى دىنغا ئايلاندۇرماقچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇنداق دىيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى دەل خىرىستىئان دىنىدا قانۇن ـ تۈزۈم يوق، جازا بەلگىلىمىلىرى يوق، رىئال تۇرمۇشقا قاتنىشىش يوق، تالاق، جىهاد، دۆلەت، ھۆكۈمەت دېگەنلەر تېخىمۇ يوق. تېخى ئىنجىلغا قارىغۇدەك بولسىڭىز بۇ توغرىدا كۆرىدىغىنىڭىز «قەيسەرنىڭ ھەققىنى قەيسەرگە، خۇدانىڭ ھەققىنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار» (مۇقەددەس كىتاب، ئۇيغۇرچە نەشرى، 403،404 ـ بەت) دېگەن سۆزلەر بولىدۇ. بۇ دىن ھاياتنى ئىككىگە بۆلۈۋېتىدۇ، ئىنساننى بولسا بىردە خۇداغا بىردە قەيسەرگە تەئەللۇق قىلىپ، ئىككىگە ئايرىپ تاشلايدۇ. شۇنداق بولغاندا، دىن خۇدانىڭ ياكى كونكىرتراق ئەيتقاندا چىركاۋ ۋە روھانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئىشى، دۇنيانىڭ، كۈندىلىك ھاياتنىڭ ئىشلىرى بولسا قەيسەرنىڭ، مۇنداقچە ئەيتقاندا دۆلەت ياكى قايسىبىر ھاكىمىيەت ئاپاراتىنىڭلا ئىشى بولۇپ قالىدۇ. ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ تونۇشىدا بولسا پۈتكۈل ئالەم ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسە، ھەرقانداق بىر پادىشاھلىق ۋە پادىشاھنىڭ ئۆزى، ھەرقايسى قەيسەرلەر ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك دەپ قارالغان نەرسىلەرنىڭ بەرى يېگانە پەرۋەردىگار الله نىڭدۇر.

تار ئەمەلچىلىك ئېقىمىنى شەكىللەندۈرۈۋاتقانلار قۇرئاندا دېيىلىۋاتقان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام چاقىرىق قىلغان، ساھابىلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەر ھەمدە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئىسلام ئالىملىرى چۈشەنگەن ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە ئوچۇقتىن ـ ئاشكارا قارشى تۇرمايدىغان، ئەمما ئىسلام دىنىنى ئىسلام نامى ئاستىدا تۇرغۇزۇپ ئۆزگەرتىۋەتمەكچى بولىدىغان (ھالبۇكى ئىسلام ئۇلار ئويلىغاندەك بولماستۇر) بىر تۈرلۈك ئەلمانىيەچىلەر (ئىلمانىيە ـــ secularism ـــ دىندىن سىرت دۆلەتچىلىك ئىدىيىسى ـ بىلىمچىلىك)نىڭ ئۆزى بولۇپ قىلىۋاتماقتا. شۇنى ياخشى بىلىش كېرەككى، ئىسلام دىنى بىرلا ئاندا ئەقىدە ھەم قانۇن (شەرىئەت)، ئىبادەت ھەم ئىجتىمائى ئالاقە، دەئۋەت ـ

تەرغىبات ھەم دەۋلەت، ھەق ـ ھوقۇق ھەم كۈچ ـ قۇدرەت، دىن ھەم دۇنيا، كۆرەش ھەم ئىزدىنىش، مائارىپ ۋە مەدەنىيەتتىن تەركىب تاپقان ھەممە ساھەلىك بىر خىل مۇكەممەل يېتەكچىدۇر.

ئىسلام شۇنداق بىر يېتەكچىدۇركى، ئۇ ئىنساننىڭ بۆشۈكتىن تۆشۈككىچە بەلكى تۇغۇلۇشتىن بۇرۇندىن تا ئۆلگەندىن كېيىنگىچە بولغان بارلىق ھايات مۇساپىسىغا ھەمراھ بولۇپ بارىدۇ، مەيلى ئۇ بىر يىگىت تۆرەلمە ياكى بوۋاق، ئۆسمۈر ياكى ياش، ئورتا ياش ياكى چال، ئەر ياكى ئايال، تەنها ياكى ئائىلىدار، شەھەر ـ كەنتتە ياشايدىغان ياكى تاغ ـ تۇرادا ياشايدىغان، مەھكۇم ياكى ھاكىم، باي ياكى كەمبەغەل، ياۋايى ياكى مەدەنىي ئىنسان بولسۇن ھەرقانداق ئەھۋالدا بۇ يېتەكچىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئىنسانلار قانداق بىر قانۇن ـ تۈزۈم ۋەياكى بەلگىلىمىلەرنى تۈزمەكچى بولسىمۇ يەنە مۇشۇ يېتەكچىگە تايىنىدۇ. بۇ يېتەكچى ئىنسانلارغا يول كۆرسىتىدۇ، بەلگە ـ دىققەتلىكلەرنى بىكىتىپ بېرىدۇ، ئۆيدە، تالادا، ئىشقىلىپ قانداقلا بىر جايدا بولمىسۇن ئۇكىشىلەرنى تۈرلۈك خاتالىقلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى بۈيۈك پەرۋەردىگار ئۆز كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمنى بارلىق ئىشلارنى بايانلىغۇ ۋە ئايرىغۇ قىلىپ چۈشۈرگەن «ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنى ئىشلارنىڭ ھەممەسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق» (نەھل سۈرەسى: 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇرۇشقاقلىق ئېقىمى

بۇ ئېقىمدىكىلەر ئىسلامنى ئۆز يولىغا كىرمىگەن بارلىق ئادەم بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئۆچەكىشىپ ئۆتىدىغان بىر تىپىك ئۇرۇشقاقلىقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇلار چۈشەنگەن ئىسلام دىنىدا مېھرىبانلىق، كەڭچىللىك، تىنچ سۆھبەت ئېلىپ بېرىش، پاكىت بىلەن قايىل قىلىش دىگەن ئىشلار يوق، بارى بولسا مۇسۇلمان بولمىغانلار بەلكى تەقۋادار مۇسۇلماندىن بولالمىغانلار، ئۆزى تەقۋادارلاردىن بولسىمۇ كۆز قارىشى بۇلارغا ماسلاشمايدىغانلار، ئەمەلدارلار، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەر بىلەن جەڭگە چۈشۈشكە تەييار تۇرۇشتۇر. بىرەر ئايال رومال ئارتقان بولسا، ئۇنىڭغا ـ نىمە ئۈچۈن پۈركەنچە سالمىدىڭ، دەپ قوپۇش، بىرقىسىم ئەقىدە ياكى فىقھە مەسىلىلىرىدە گېپىگە كۆنمىگەنلەرگە مۇشت كۆتۈرۈپ چىقىش بۇلارنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى.

بۇلار دائىم باشقىلار بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرىدۇ، ھەدىسە ئەرزىمەس باھانىلەر بىلەن ئۆزلىرىگە ھەقىقى دۈشمەن بولمىغان كىشىلەرگىمۇ قىلىچ كۆتۈرۈپ قويىدۇ، ئۇلار مۇنداقچە ئەيتقاندا، دۈشمەنسىز ئۇرۇش، مەيدانسىز جەڭ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئولتۇرسا، قوپسا ئويلايدىغىنى دىننىڭ تارماق، شاخچە مەسىلىلىرى ئۈستىدە غەۋغا، دە ـ تالاش قوزغاش بىلەن كىشىلەر دىققىتى، ئويىنى تۈپكى، مەركەزلىك مەسىلىلەرگە ئەمەس ئىككىلەمچى، تارماق مەسىلىلەرگە، ماھىيەتكە ئەمەس شەكىلگە، كىلىشىلگەن مەسىلىلەرگە ئەمەس ئىختىلاپلىق، كېلىشەلمىگەن مەسىلىلەرگە بۇرىۋېتىش. بۇلار ئېلىپ چىقىۋاتقان ئىسلامنىڭ شەكلى ئۇلارنىڭ ئەشۇ تار، بىكىنمە مۇھىتىغىلا ماس كېلىدۇكى ھەرگىزمۇ بۈگۈنكى 21 ـ ئەسىر شارائىتىدا شەرق ۋە غەرب

دۇنياسى ئۇچۇن ئورتاق ۋە مەڭگۈلۈك بولغان بىر قىبلەنەما بولۇشقا يارىمايدۇ .

بۇلار بىلىدىغان ئىسلام بولسا دىنغا چاقىرىش ئىشلىرىدا زوراۋانلىق ، مۇنازىرىدە قوپاللىق، مۇئامىلىدە توڭلۇق، ئۇسۇلدا يىرىكلىك قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئۇ خۇددى قورام تاشقىلا ئوخشايدىغان بىر قاتمال ئىسلامدۇركى ئۇنىڭ ئالدىدا چۈشەنچىلەر، قاراشلار كۆپ خىللىقىغا يول قويۇلمايدۇ، ئىزدىنىشكە، يېڭى يوللارنى قىدىرىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، بىرلا خىل قاراش، بىرلا خىل ئىدىيىدىن باشقا نەرسىگە ئورۇن يوق، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ بىرەر قارىشى خاتا بولۇپ قالغۇدەك بولسىمۇ يەنىلا توغرا، باشقىلارنىڭ بىرەر قارىشىنىڭ توغرا بولۇپ قالغۇدەك يېرى بولسىمۇ ئۇ يەنىلا خاتا بولىۋېرىدۇ.

بۇ ئىسلامدا قانۇن، بەلگىلىمە چىقىرىشتىن باشقا، بۇ چىقىرىلغان قانۇن، بەلگىلىمىلەردە ھەرخىل جازا، قىيناقلاردىن باشقا گەپ يوق.

بۇ ئىسلامدا دىندا پىكىر ئىختىلاپى بارلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىنمايدۇ، ئۇلار بىلەن سەمىمى يوسۇندا تىنچ سۆھبەت قۇرغىلى بولمايدۇ، شۇنىڭدەك، سىياسى ساھەدىمۇ ئۆكتىچى كۈچلەرنىڭ بولىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

بۇ ئىسلام ئاياللارغا گۇمان كۆزى بىلەن قارايدۇ، ھىچقاچان ئۇلاردىن خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيدىلا ئولتۇرۇشىنى، خىزمەت قىلماسلىقىنى، تەشۋىق ـ تەرغىبات ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىشلىرىغا قاتناشماسلىقىنى، سىياسى سايلاملاردا بىرەر تۈرلۈك ئەمەل ئورنىغا نامزاتلىققا كۆرسىتىلىش تۈگۈل باشقىلارغا ئاۋازمۇ بەرمەسلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ .

بۇ ئىسلامدا بايلىقلارنى تەقسىم قىلىشتا ئادىللىق يوق، سىياسىي ئىشلاردا بولسا شورا (كېڭەش)تۈزۈمى يولغا قويۇلمايدۇ، خەلققە ئەركىنلىك بېرىلمەيدۇ، چوڭ ئوغرى، قاراقچىلار قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

- ئەتكەنلىرىدىن سوراققا تارتىلمايدۇ، لېكىن بۇ ئىسلامنىڭ قىلىدىغان چوڭ ئىشى كىشىلەرنى دىنىي ئىبادەت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى ئىختىلاپ ئۈستىدە قالغان ھەرخىل تارماقچە فىقھى مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن، قىلىپمۇ تۈگۈتۈپ بولغىلى بولمايدىغان تالاش - تارتىش ۋە جاڭجاللارغا سېلىپ قويۇش.

بۇ ئىسلامدا ھارام ئىشلارغا تۇرۇپ بولمايدۇ، ئۇ ھاراملىق چېكىتىنى ئۇرغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن تورمۇش ، ھاياتلىق بىر ھاراملار دۆۋىسى بولۇپ قالغىلى تاس قالىدۇ، بۇ ئىسلامنىڭ دەۋەتچى، يازارلىرىنىڭ تىلى ۋە قەلىمىگە ئەڭ بالدۇر كېلىدىغىنى «ھارام» دىگەن سۆزدۇر.

ئىسلام دىنى مانا شۇ يۇقاردا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن، كۆپىنچە ھاللاردا نىيىتى ياخشى بولسىمۇ ئەمما خاتا چۈشەنچىلەر ئىچىگە قامىلىپ قالغان بىر قاتار ئىسلام پەرزەنتلىرى ئىپادىلەۋاتقان ئالتە خىل شەكىلنى ئۆزئىچىگە ئالغان قارا تىزىملىكتۇرلىرىنىڭ ھارقاندىقىغا چۈشۈپ قالىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ ھەرگىزمۇ يوقالغان ياكى يوقۇلۇشقا قاراپ كېتىۋاتقان بىر مەدەنىيەتنىڭ قۇتقازغۇچىسى ياكى ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى بولۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

## مەدەنىيلىك ئېقىمى

مانا بۇ مەدەنىيلىك ئېقىمى بىز ئادەتتە (ئىجابىي مۆتىدىللىك) ئېقىمى دەپ ئاتاۋاتقان، ھەم ئۆزىمىز مەنسۇپ بولغان ئېقىمنىڭ دەل ئۆزىدۇر. بۇ ئېقىمنىڭ تونۇشىدىكى ئىسلام بولسا يۇقارقى ئالتە خىل ئېقىمدىكىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. بۇ يەردىكى ئىسلام ئىجابى يول تۇتقان، ئەخلاقنى

ئۆلچەم قىلغان، دۇنياغا يۈزلەنگەن، ئىنسانپەرۋەرلىككە باي، ئىلاھىي غايىنى تۈپ نىشان قىلغان، بىر خىل ئۆزگىچە بولغان مەدەنىي يېتەكچىلىكلىتۇر. بىز بۇ مەدەنىي يېتەكچىلىكنىڭ ئاساسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا كىتابىمىز ئاخىرىدا تېگىشلىك چۈشەنچىلەرنى بېرىپ ئۆتىمىز. ئەمدى بۇيەردىكى مەدەنىيلىك ئېقىمىغا كەلسەك، بۇ ئېقىم مۇسۇلمانلارنى ئەسلىدىكى ساپ ھالىتىگە قايتۇرۇپ كېلىدىغان، ئۇلارنى تۈنۈگۈنىدىن ئىبرەت ئالىدىغان، بۈگۈنىگە كۆز يۈگۈرتىدىغان، ئەتىسىدىن ئۈمىدۋار كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇدىغان بىر زور كۆرەشكە سەپەرۋەر قىلىش يولىدا جىددىي ئەمگەك قىلماقتا. بۇ كۆرەشنىڭ مەقسىدى بۇزۇش ئەمەس قۇرۇش، بۆلۈۋېتىش ئەمەس بىرلەشتۈرۈش، تالاش - تارتىش ئەمەس قول سېلىپ ئىشلەش، ئالقىش كۈتۈش ئەمەس تۆھپە يارىتىش، رەھمەت ئېيتىش ئەمەس بېرىش - بېغىشلاش، تارىخنى كۆشەش ۋەئۇنىڭغا ئىچكىپ ئولتۇرۇش ئەمەس ئىجاد قىلىش، يېڭىنى يارىتىشتۇر. ئۇنىڭ باشتىن ئاخىرغىچە بولغان پىرىنسىپى: قاتتىق قوللۇقلۇق ئەمەس ئېللىقلىق، چەتكە قېقىش ئەمەس چىقىشقاقلىق، توقۇنۇشۇش ئەمەس ھەمكارلىق، يېقىنلىشىشتۇر.

بۇ ئېقىم بىزدىكى ساپا، بىز بەرپا قىلغان مەدەنىيەت، ئىگە بولۇپ تۇرغان ئىمكانىيەتلەرنىڭ قىممىتىنى يۈكسەك باھالاش بىلەن بىرگە تۈنۈگۈنكى ئەجەللىك خاتالىقلىرىمىز، بۈگۈنكى كۈندە گەۋدىلىنىۋاتقان ناچارلىقلىرىمىزنىمۇ تەڭ كۆرۈپ يېتىدۇ. بىراق، بۇجەرياندا ھەرگىزمۇ دانىچە نەرسىنى گۈمبەز قىلىپ كۆرسەتمەيدۇ، ناچار تەرەپلىرىمىزنى زورايتىپ، بىزنى ئۆزىمىزدىن ئۈمىدلىنەلمەس ھالغا چۈشۈرۈپ قويمايدۇ. چۈنكى ئۇ ھەر ئىشقا ئۆز لايىقىدا پوزىتسىيە تۇتۇشقا تىرىشقاچقا، ئەمەلىيەتنى يوپۇتۇشقا قا قارشى تۇرغاندەك ، ئۇنى كۆپتۈرۈشكىمۇ ئوخشاشلا قارشى تۇرىدۇ.

بۇ ئېقىم دەستلەپ جەمالۇددىن ئافغانى، مۇھەممەد ئەبدۇھ، رەشىد رىزا قاتارلىق بۈيۈك ئىسلام بىرلىكى (پان ئىسلامىزىم) تەرغىباتچىلىرىدا ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن گەۋدىلەنگەن بولسا، كېيىن بۈگۈنكى كۈندىكى ئەڭ زور ئىسلام ھەركىتىگە ئايلانغان ھەمدە يەتمىش نەچچە دەۋلەت ۋە رايۇندا ئەگەشكۈچىلىرى بولغان «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىنىڭ ئاساسچىسى، ئىسلام قەھرىمانى، مۇنەۋۋەر ئىسلاھاتچى ھەسەن بەننا ھەمدە ئۇ باشلىغان ئىسلاھاتچىلىق ھەركىتى قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، كۈرەش سېپىنىڭ تايانچ كۈچلىرىگە ئايلانغان مۇستاپا سابائى، ئەبدۇلقادىر ئەۋدە، مۇھەممەد غەززالى، سەييىد قۇتۇب، ئەبدۇلھەلىم ئەبۇ شۇققە قاتارلىق مەرھۇملار، ئۇندىن باشقا ھىلىغىچە ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ كېلىۋاتقان تالايلىغان بايراقدارلارنىڭ قولىدا ئۆز تەرەققىياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. سۇدان ئىسلام مىللى فرونتى، تۇنىستىكى گۈللىنىش پارتىيىسى، ئىئوردانىيەدىكى ئىسلام ھەركىتى فرونتى، يەمەندىكى ئىسلاھات ۋە ئىتتىپاقلىق پارتىيىلىرى مۇسۇلمان قېرىنداشلار پارتىيىسىدىن بارلىققا كەلگەن شۆبە پارتىيە، تەشكىلاتلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئېقىمغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانلار قاتارىدا يەنە ھىندى يېرىم ئارىلى بويىچە ئەڭ چوڭ ئىسلام جامائەسىنى بەرپا قىلغان، شەرق ۋەغەرب بويلاپ كەڭ تارقالغان قاتار ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى، غەرب مەدەنىيىتىنى ھەقىقىي پاراسەت ۋە ئەقىل كۆزى بىلەن تەنقىد ئاستىغا ئالغان ئىسلام مۇتەفەككىرلىرىنىڭ بىرى ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش مۇمكىن. شۇنىڭدەك، ئالجىرىيە خەلقىنىڭ مۇسۇلمانلىق ۋە ئەرەبلىك ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ۋە كۈچەيتىش يولىدا زور خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، ئالجىرىيە خەلقى

ۋە جەمئىيىتىنىڭ فرانسۇزلاشتۇرۇلىشىغا قارشى ئۇنتۇلماس كۆرەشلەرنى ئېلىپ بارغان، ئالجىرىيە«ئالىملار ئۇيۇشمىسى » نى قۇرۇپ چىققان ئەبدۇلھەمىد بادىس ۋە شەيخ بەشىر ئىبراھىمىيلار، ئالجىرىيەلىك مەشھۇر مۇتەفەككۇر مالىك ئىبنى نەبى، تۈركىيەدە باش كۆتۈرۈپ چىققان نەجمۇددىن ئېرباكان باشچىلىقىدىكى «رىفاھ» (گۈللىنىش) پارتىيىسى قاتارلىقلارمۇ ئوخشىمىغان شەكىل ۋە رەۋىشلەر بىلەن مانا شۇ ئىسلام مەدەنىيلىك ئېقىمى سىپىنى تەشكىل قىلغان شەخس ۋە تەشكىلاتلاردۇر.

بۇ يەردە يەنە ھىندىستاندىكى «ئالىملار كېڭىشى » گە ئوخشاش مەدەنىيلىك ئېقىمى يولىدىن كېتىۋاتقان بىر قىسىم ئىلمىي ھەمكارلىق ۋە دەۋەتچىلىك تەشكىلاتلىرى بولۇپ، ئۇلار مەنپەئەتلىك كونىلىقلار بىلەن ياخشى يېڭىلىقلارنى ئوبدان بىرلەشتۈرەلەيدۇ، تارىخى مىراسلاردىن پايدىلىنىشتا مىغىزىنى ئېلىپ شاكىلىنى قويالايدۇ. مەسىلەن ئۇلاردىن ـ شىبلىي نۇئمانىي، سۇلايمان نەدەۋىي، ئەبۇ ھەسەن نەدەۋىي قاتارلىق نامايەندىلەر دەل شۇنداق قىلالىغان ۋە بۇ جەھەتتە ئۈلگە تىكلىگەن كىشىلەردۇر.

يۇقارقىلار قاتارىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتەرلىك يەنە بىر تەشكىلات بار، ئۇبولسىمۇ ئامېرىكىنىڭ ۋاشىڭتون شەھرىگە جايلاشقان «دۇنيا ئىسلام ئىدىيىسى ئىنىستىتوتى » دۇر. ئۇنىڭدا دوكتۇر ئەبدۇلھەمىد ئەبۇسۇلايمان ۋە دوكتۇر تاھا جابىر ئۇلۋانى ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى قېرىندىشىغا ئوخشاش ساپالىق كىشىلەر پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق خىزمەت نىشانى ـ جەمئىيەتلىك ۋە ئىنسانىلىق(بۇ ئىككى ئاتالغۇنىڭ ئادەتلىنىلگەن ئۆلچەمسىز شەكلى «ئىجتىمائىي » ۋە «گۇمانىتار» دۇر. ـ ت) پەنلەر ساھەسىدىكى بىلىملەرنى ئىسلاملاشتۇرۇش بولماقتا. ئۇلار بۇ ساھەدە ئاز بولمىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىتابلار، تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى چىقارغان. باشتا دەپ
ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئېقىمنىڭ قارىشىدىكى ئىسلام قانداقتۇر
مۇئەييەن بىر دەۋر، مۇئەييەن بىريۇرت، مۇئەييەن بىر مەزھەب
ياكى گۇرۇھقا خاس ئىدىئولوگىيە ئەمەس. ئۇبارلىق ئىسلام
ساھەسىگە تالىق بولغان، بىر پۈتۈن ئىسلام ئومۇملىقىنى
چىقىش قىلىدىغان ئىسلامدۇر.

ھەممىمىزگە ئايدىڭ بولغىنىدەك، قۇرئان، پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ساھابىلەرنىڭ سۈننىتىدە
ئەكس ئەتكەن، ئۆلچەملىك، «تۈنجى ئىسلام» نىڭ تەشەببۇس
قىلىدىغىنى ئاسانلاشتۇرۇش، ئىلھام - ئۈمىدلەندۈرۈش،
مېھرىبانلىق، تونۇشۇش، چىقىشقاق بولۇش، سۆھبەتلىشىش
بولغانكى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ تەتۈرسى بولغان ئەمەس. بۇئىسلام
شەكىلگە ئەمەس ماھىيەتكە، تالاشقاقلىق ئەمەس ئەمەلچانلىققا،
مەنمەنلىك ئەمەس تۆھپىكارلىققا، تەقلىدچىلىك ئەمەس
ئىجتىھاد - يېڭىلىق يارىتىشقا، قاتماللىق ئەمەس ئىسلاھاتقا،
يەڭگىلتەكلىك ئەمەس ئەستايىدىللىققا، ئاشقۇنلۇق ياكى
پاسسىپلىققا ئەمەس نورماللىق، ئورتاھاللىققا تەرغىب قىلىدۇ.
ئۇنىڭ ئاساسلىنىدىغىنى تەۋھىدنى چىقىش قىلغان ئەقىدە،
ئىخلاسنى چىقىش قىلغان ئىبادەت، پۇختىلىقنى چىقىش
قىلغان ئەمەل، ياخشىلىقنى چىقىش قىلغان ئەخلاق، ئېستېتىك
زەۋقنى چىقىش قىلغان ئەدەبىيات، ئادالەتنى چىقىش قىلغان
قانۇنچىلىق، قېرىنداشلىقنى چىقىش قىلغان مۇناسەبەتتۇر.
مانابۇلاردىن بارلىققا كېلىدىغان بىر پۈتۈن نەتىجە تەڭشەلمىلىك
ۋە مۆكەممەللىك روھىنى تېرەك قىلغان بىر ئۇلۇغ مەدەنىيەت
شەكلى بولىدۇر.

مەن مەدەنىيلىك ياكى «مۆتىدىللىك» نامى ئاستىدىكى بۇ
ئېقىم ۋەئۇنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا بۇرۇنقى
ئەسەرلىرىمدە كۆپلەپ توختالغانمەن. ھازىرمۇ يەنە تېما

مۇناسىۋىتى بىلەن بۇتوغرىدا قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتەر بولسام، نوقتىلىق قىلىپ شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، بۇ ئېقىمنىڭ قىلىۋاتقىنى كونىنى يېڭى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، مۇقىم قىممەتلەر بىلەن ئۆزگىرىشچان قىممەتلەر ئارىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، تارىخىي مىراس ۋە قەدىرىيەتلەردىن ئوزۇق ئېلىش ئاكتىپلىقى، هازىر (بۈگۈن) بىلەن تەڭ قەدەم مېڭىش، كەلگۈسىنى ئىلغۇلاش(كۆرۈپ يېتىش)، ئىسلام دىنىنى ئالەم قانۇنىيەتلىرى ساۋاتدارلىقى (خەبەردارلىقى)، شەرىئەتتىكى مەقسەد ـ نىشانلار ساۋاتدارلىقى، هالقىلار ئارا تەڭشەش ئېلىپ بېرىش ئۇسۇللىرى ساۋاتدارلىقى، ئالدىن قىلارلىق ياكى مۇهىم ئىشلار ساۋاتدارلىقى، رېئاللىقنىڭ ماهىيىتى ساۋاتدارلىقى قاتار ساهەلەرگە قەدەر قانات يايغان بىر خىل يىغىنچە ساۋاتدارلىق ياكى چۈشەنچە ئاساسىدا ، يوپۇتۇش ۋە كۆپتۈرۈشتىن، قاتماللىق هەممىدە يەڭگىللىتەكلىكتىن، ئىسلامنىڭ تۈپ ماهىيىتى ۋە ئۇنىۋېرسال رولىنى پارچىلىۋېتىشتىن خالى هالدا تەكشى ۋە كۆپ ياقلىمىلىق چۈشۈنۈپ چىقىش ۋە شۇنىڭغا ئۈرۈنۈش دىمەكتۇر . بۇ توغرىدا تېخىمۇ تەپسىلىيرەك تونۇشقا ئېرىشمەكچى بولغانلار مېنىڭ مۇشۇ تېمىغا بېغىشلانغان باشقا مەخسۇس ئەسەرلىرىمگە قارىسا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىسىز تارقىتىلىشى
www.uyghurkitap.com

# مۇسۇلمانلاردىكى مەدەنىي يېتەكچىلىك سالاھىيىتى توغرىسىدا

مۇسۇلمانلار ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت يېتەكچىسى بولالامدۇ؟

خرىستىئان ۋە يەھۇدىي دىنلىرى بەلكى توغرىراقىنى ئېيتقاندا خرىستىئان ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئىنسانىيەتنى بۈگۈنكى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ چىركىن مەھسۇلى بولغان مەنپەئەتپەرەستلىك، شەھۋانىيلىق، ماددا سۆيەرلىكنىڭ ئوت-يانغىنلىرى ئارىسىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىشقا قۇربىتى يەتمەس ئىكەن، ئۇنداقتا، ئىسلام دىنى ئۇلار ئىككىسى ئۈستىگە ئالالمىغان بۇرۇلنى ئۆز ئۈستىگە ئالالامدۇ؟ ياكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلاردا ئامېرىكىلىق سىياسى مۇتەفەككۇر سامويىل خانتىڭتوننىڭ سۆزى بويىچە «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» ئەسىرى ياكى فرانسىيىلىك ئىسلام مۇتەفەككۇرى جارودىينىڭ سۆزى بويىچە «مەدەنىيەتلەر دىئالوگى» ئەسىرى دېيىلىۋاتقان بۇ ئەسىردە ئىنسانىيەت ئالدىغا ئىلىپ چىققۇدەك بىرەر ھەركەت ھازىرلىقى ياكى مەدەنىي رىجەسى بارمۇ؟ جاۋاب: ئەلبەتتە بار، بىز مۇسۇلمانلاردا بىز باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «ئىسلام مۆتىدىللىكى» ئىبقىمى ئەكس ئەتتۈرۈپ كېلىۋاتقان «ئىسلام مەدەنىي يېتەكچىلىكى» دىن ئىبارەت بىر ئىلغار بولغان مەدەنىيەت ھەركىتى ئۆزىنىڭ بۇساھەدىكى ئالدىنقى ۋە بىردىنبىرلىك نامزاتلىق ئورنىنى شەرەپ بىلەن نامايەن قىلىپ

تۇرماقتا. مەن بۇيەردە يىقىنقى يىللاردىن بىرى مەتبۇئات يۈزىدە كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقان «ھەرەكەت»، «قۇرۇلۇش» (مەشرۇئ) سۆزى ئورنىغا يىتەكچىلىك (رىسالە) سۆزىنى قوللۇنۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

## بىزدىكى مەدەنىي يىتەكچىلىك سالاھىيتى قىل سىغماس ھەقىقەت

شۇ بىر ھەقىقەتتىن قەتئى ئىككىلەنمەسلىك كىرەككى، بىز مۇسۇلمانلار ئۆزگىچە بولغان بىر مەدەنىي يىتەكچىلىك بۇرچىنى ئۈستىمىزگە ئالغانىمىز. بۇ بىر ئۇنۋېرسال، كۆپ قىرلىق بۇرچ بولۇپ، تۆۋەنكى شەخسنى تۈزەشتىن باشلانسا، يۇقىرىسى بەختىيار ئائىلە قۇرۇش، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، مىللەتنى يىڭىلاپ قۇرۇش، دەۋلەت بەرپا قىلىش، ئاخىرىدا دۇنياۋي تىنچلىق ۋە ئوبدانچىلىقنى بارلىققا كەلتۈرۈشكىچە بېرىپ تاقىلىدۇ، مانا بۇلار اللّٰه ئۆز پەيغەمبىرىگە: «(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق» (ئەنبىيا سۈرەسى: 107 ـ ئايەت) ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ھەققىدە: «مەن بىر توغرا يولغا باشلىغۇچى رەھمەتمەن» دىگەنلىرىنىڭ ئىشقا ئېشىشىدىكى تۈپ كاپالەتتۇر.

مەن بۇ يەردە كاتتا ئىككى ئىسلام مۇتەفەككىرى ئالجىرىيەلىك مالىك ئىبنى نەبى بىلەن مىسىرلىق سەييىد قۇتۇب ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن، مەدەنىيەتنىڭ ئەسلى ئىسلامغا تەئەللۇق نەرسە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى سۆھبەتنى ئەسلەپ ئۆتكۈم كېلىدۇ. بىر يىللاردا سەييىد قۇتۇب ئۆزىنىڭ بىر كىتابىنى «مەدەنىيلەشكەن ئىسلامىي جەمئىيەت توغرىسىدا»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىگەن نام بىلەن چىقارغان بولسا، كىتابنىڭ كېيىنكى نەشرىدە ئۇنى«ئىسلامىي جەمئىيەت توغرىسىدا» دەپ ئۆزگەرتكەن ۋە بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: بىر جەمئىيەتنىڭ ئىسلام خاراكتېرىنى ئېلىپ، ئىسلام ياكى مۇسۇلمانلار ئېنىقلىمىسى بىلەن ئاتىلىشىنىڭ ئۆزىلا، ئۇ جەمئىيەتنىڭ بىر ھەقىقى مەدەنىيەت بولغان ئىسلام ئاساسىدا ئاللىبۇرۇن مەدەنىيلىشىپ بولغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئىسلامنىڭ ئۆزىلا ئەينى بىر كەم - كۈتسىز مەدەنىيەتتۇر. ئۇنىدىن باشقا ئىنسانلارغا يېقىپ كېلىۋاتقان قايسى بىر مەدەنىيەت بولمىسۇن، ئۇ بەربىر ساختىدۇر. سەييىد قۇتۇپ ئۆزىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە سادىق بولغان ھالدا مەشھۇر كىتابى «يول بەلگىسىدە» نىڭ بىر بۆلۈمىگە «ئىسلام بىر خىل مەدەنىيەتتۇر » دەپ ماۋزۇ قويغان. مەن ئىسلامنىڭ توغرا بىلەن خاتا، ساختىلىق بىلەن چىنلىقنى ئايرىشتا باشقا بارلىق مەدەنىيەتلەرئۈچۈن ئۆرنەك مەدەنىيەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەت ئۈستىدە سەييىد قۇتۇب بىلەن ھەم پىكىر بولساممۇ، بىراق، بۇ، مۇتەفەككۇر مالىك ئىبنى ئەنەسنىڭ سۆزى بويىچە، بىر ئىسلامىي جەمئىيەتكە نىسبەتەن «مەدەنىيلەشكەن» دىگەن سۈپەتداشنى ئىشلىتىشنى چەتكە قاقمايدۇ. چۈنكى بۇمەدەنىيلىشىش قانداقتۇر يوقتىن بارلىققا كېلىۋاتقان ئەمەس بەلكى كۆمۈلۈپ قالغاندىن كېيىن ئېچىلىۋاتقان، جايىنى تېپىۋاتقان بىر سۈپەتنى ئىپادىلەيدۇ، خالاس. بۇخۇددى الله نىڭ قۇرئان كەرىمدە: «مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن» (سۈرە ئەنئام: 37 - ئايەت) دىگىنىدەك ئىش بولۇپ، ئايەتتە دېيىلگىنى قانداقتۇر ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان بىر قۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچمايدىغان يەنە بىر بىر قۇشنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇرمايدۇ، ئەلبەتتە.

بىر ئىسلاملاشقان جەمئىيەتكە «مەدەنىيلەشكەن» جەمئىيەت نامىنى بېرىشنىڭ ئۆزى بۇنداق بىر جەمئىيەتنىڭ يادروسى بولغان ئىسلام دىنىنىڭ بىر بۆلۈك كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقان ۋە تەسۋىرلەۋاتقاندەك، ئاتالمىش گىرېك پەلسەپىسى، رىم قانۇنى، فارس مەدەنىيىتى، ھىندىستان ھېكمىتى، جۇڭگو سەنئىتى قاتارلىق مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىدىن ھېچقانداق ئەسەر يوق بىر مۇھىتتا بارلىققا كەلگەن ياۋايىلىق - بەدەۋىيلىك دىنى ئەمەس بەلكى ئەزەلدىن مەدەنىيەت، بىلىم، مائارىپ، ساپا دىنى بولغانلىقىنى ئاستىرتتىن ئايدىڭلاپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن يۇقىرى ئىشەنچ ئىلكىدە شۇنداق دېيەلەيمەنكى، بىزدىكى ئالاھىدە بولغان مەدەنىي يېتەكچىلىك، ئەگەر ئۇنى ياخشى ئېلىپ چىققۇچىلار بولغان تەقدىردە، شۇتاپتا پاكىتلار ئۆزگە قاتتىق مۇھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى دەللەپ تۇرۇۋاتقان دۇنيانىڭ، بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە ئۇچۇر- ئالاقە تېخنىكىسى، گېن تېخنىكىسى، ئېلېكترون سانائىتى، ئالەم تېخنىكىسى، ئاتوم تېخنىكىسى ساھەلىرىدە ھەيران قالارلىق تەرەققىياتلارنى ئىشقا ئاشۇرغان غەرب دۇنياسىنىڭ ئالدىغا تولىمۇ تەنتەنە بىلەن چىقالايدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ شەرەپلىك رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

بۇ يېتەكچىلىك غەربلىكلەرگە ئىماننى بېرىش بىلەن ئۇلاردىن پەننى تارتىۋالمايدۇ، دىنىنى بېرىش بىلەن دۇنيادىن مەھرۇم قويمايدۇ، ئاسمانغا ئۇلاشتۇرۇش بىلەن زېمىننى ئاۋات قىلىشتىن چەكلىمەيدۇ، ۋەھيى نۇرىنى بېرىش بىلەن ئەقىل نۇرىدىن قۇرۇق قويمايدۇ، ياراتقۇچى (خالىق) غا يېقىنلاشتۇرۇش بىلەن يارالغۇچىلار (مەخلۇقلار) دىن يىراقلاشتۇرۇۋەتمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بىز ئۈستىمىزگە ئالىدىغان يېتەكچىلىكنىڭ يىگىرمە ئاساسى

بۇ مەدەنىي يېتەكچىلىك بىر يۈرۈش ماھىيەتلىك ئاساسلار بويىچە ئۆز رولىنى كۆرسىتىدۇ. مەن بۇلارنى ئۈچ يىل بۇرۇن ئامېرىكىنىڭ دېترويىت شەھىرىدە ئېچىلغان ئىسلام قۇرۇلتىيىغا سۇنغان لېكسىيەمدە ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. تۆۋەندە بۇ يىگىرمە ئاساسنى تىزىمچىلاپلا ئاتاپ ئۆتىمەن:

1 ـ ئىنسان تۇغما ئېگىگە ئۇيغۇنلاشقان ئەقىدە يېتەكچىلىكى.

2 ـ ئەمگەكچانلىقتا تۈرتكە بولىدىغان ئىبادەت يېتەكچىلىكى.

3 ـ ۋەھيى بىلەن يېتەكلىنىدىغان ئەقىل يېتەكچىلىكى.

4 ـ ئىمان بىلەن بىرىككەن ئىلىم ـ پەن يېتەكچىلىكى.

5 ـ ئەمەل بىلەن يانمۇيان بارىدىغان ئىمان يېتەكچىلىكى.

6 ـ ئۆزى ئەمەل قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزگىنىمۇ تەرغىب قىلىش يېتەكچىلىكى.

7 ـ ئاخىرەت تەييارلىقىدىكى بۇ دۇنيا يېتەكچىلىكى.

8 ـ روھتىن كۈچ ئالىدىغان تەن يېتەكچىلىكى.

9 ـ ھەقىقەتنى قوغدىغۇچى كۈچ يېتەكچىلىكى.

10 ـ ياخشى ئادەمدىكى ياخشى ئىقتىساد يېتەكچىلىكى.

11 ـ مەجبۇرىيەتلەر بىلەن تەڭكەش ماڭىدىغان ھوقۇق يېتەكچىلىكى.

12 ـ ئېزگۈلۈك، پەزىلەتكە خىزمەت قىلىدىغان ئەركىنلىك يېتەكچىلىكى.

13 ـ ئىنساننى يۈكسەلدۈرگۈچى ئەخلاق يېتەكچىلىكى.

14 ـ ئائىلە ھەم جەمئىيەتتە تۈزۈك شەخس يېتەكچىلىكى.

15 ـ شەخسنىڭ ھوقوقىنى دەپسەندە قىلمايدىغان جەمئىيەت يېتەكچىلىكى.

16 ـ دۇنياغا يۈزلەنگەن مىللەت يېتەكچىلىكى.

17 ـ دىننى ئىجرا قىلىدىغان دۆلەت يېتەكچىلىكى.

18 ـ ھەققانىيەتنى ئىشقا ئاشۇرغۇچى قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىكى.

19 ـ ياخشىلىق قىلىشنى تايانچ قىلغان ئادالەت يېتەكچىلىكى.

20 ـ ئەخلاق نورمىلىرىدىن ئايرىلمايدىغان سەنئەت يېتەكچىلىكى.

مەدەنىي يېتەكچىلىكىمىزنىڭ بۇ يىگىرمە ئاساسىنىڭ ھەربىرىنى يېشىپ چۈشەندۈرۈش قىسقا گەپ بىلەن تۈگىمەيدۇ، شۇڭا بۇيەردە پەقەت تۈر نامىنى كۆرسىتىش بىلەنلا چەكلىنىمىز. الله بۇيرىسا بۇ توغرىدا باشقا ئورۇندا مەخسۇس توختالغۇمىز.

## مەدەنىي يېتەكچىلىكىمىزنىڭ تىپىك خۇسۇسىيەتلىرى

بىز مۇسۇلمانلار ئېلىپ بارىدىغان بۇ مەدەنىي يېتەك--چىلىكنىڭ خاس ئاساسلىرى بولغانىدەك، ئۇنى مۇستەقىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلىپ تۇرۇۋاتقان خۇسۇسىيەتلەرمۇ ئەلبەتتە بولىدۇ. بىز بۇتوغرىدا كۆپ يىللار بۇرۇن «ئىسلامنىڭ ئومومىي ئالاھىدىلىكلىرى» دىگەن بىر ئەسەرنى يازغان. بۇتوغرىدا ئىزدەنمەكچى بولغانلار شۇئەسەردىن كۆرسە بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئىسلامنىڭ ئومومى خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكى: ئىلاھىيلىق، ئىنسانىيلىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك، مۆتىدىللىك، ئەمەلىيەتچانلىق، ئېنىقلىق، ئىزچىللىق ۋە ماسلىشىشچانلىق — دىن ئىبارەت يەتتە نوقتىنى چۆرىدىگەن ھالدا بايان قىلىنىدۇ. بىز بۇ يەردە ئۇلاردىن پەقەت «مۆتىدىللىك» ياكى

www.uyghurkitap.com

مۇنداقچە ئەيتقاندا «تەڭشەكچانلىق» تۈرى توغرىسىدا بىر ئاز توختىلىش بىلەن بىرگە ئىسلامنىڭ يەنە بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى بولغان «تولۇقتۇرۇشچانلىق» ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىمۇ قىسقىچە توختىلىمىز.

# ئورتاھاللىق ۋە تەڭشەكچانلىق يېتەكچىلىكى

ئىسلام مەدەنىي يېتەكچىلىكى ئىنسانىيەتكە تەڭشەكچان ۋە تولۇقتۇرۇشچانلىقنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بىر دىنىبىر يېتەكچىلىك دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز. بىز بۇيەردە دەۋاتقان تەڭشەكچانلىق ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش ساھەسى ۋە ياكى بۇرمىلانغان دىنلار ساھەسىدە قولىنىلغان ئەندىزىلەرنىڭ ھەرقانداق بىرى ساقلىنالماي كەلگەن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراش، ئاشقۇنلۇق ياكى پاسسىپلىقنىڭ ھېچبىرىگە ئېغىپ كەتمەي ، ئىككى ھالەت ئارىسىدىكى نورماللىقنى ساقلاش دېمەكتۇر. بۇ قۇرئان كەرىم تىلى بىلەن ئەيتقاندا «ئەسسىراتۇلمۇستەقىم - توغرا يول» بولىدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان كۈنلىكى ئون يەتتە قېتىم خۇدادىن تىلەيدىغان بۇيول ﷲ نىڭ غەزىپىگە يولۇققانلار (يەھۇدىيلار) ھەمدە ئېزىپ كەتكەنلەر (خىرىستىئانلار ) نىڭ يولىدىن تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. گىزى كەلگەندە بۇ يولنى ﷲ قۇرئان كەرىمدە: «ﷲ ئاسماننى ئېگىز ياراتتى. ئۆلچەمدە زۇلۇم قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ﷲ تارازىنى بېكىتتى، ئۆلچەمدە ئادىل بولۇڭلار ، تارازىدا كەم بەرمەڭلار» (رەھمان سۈرەسى: 7، 8، 9 ئايەتلەر) دىگەندىكى زۇلۇم قىلىش، ھەددىدىن ئېشىشتىن ھەمدە كەم بېرىشتىن بىردەك خالى بولغان «تارازا» سۈپىتىدە چۈشىنىۋالساقمۇ بولىدۇ . ئايەتتە دېيىلىۋاتقان زۇلۇم قىلىش دەل چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە تاپتىن چىقىشنى كۆرسەتسە، كەم بېرىش سەل قاراش، ئۆلچەمگە يەتكۈزمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر بىرىدىن قىلىشمايدىغان ناچار، نەپرەتلىك قىلمىشلاردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىدە تەڭشەكچان ۋە تولۇقتۇرۇشچان بولۇش ئالاھىدىلىكىنى هازىرلىغان بۇيولدا ئادەتتە نۇرغۇن كىشىلەر بىر ـ بىرىگە چورت يىقىــن كەلمەيــدىغان قارمــۇـ قارشــى نەرسـىلەر دەپ قــاراپ كېلىۋاتقان بىــر قاتــار ئۇقــۇملارنىڭ «ئــۆزـ ئــارا ئۇچرۇشـۇش» ى تولىمۇ ئۇتۇقلۇق هالــدا ئىشــقا ئاشــقان. لــېكىن، بــۇ ئۇتۇقلــۇق ئۇچرۇشۇش هەر بىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ دائىرە ۋە كۆلەمگە ئىگە بولۇشــى ۋە بىــر بىرىنــى بىســىپ كەتمەسلىكى ئاساســىدا، بــاراۋەر نىســبەتتە بولغــان. بــۇئادىل تەڭشــەكچانلىقنى ئومومــەن مۇنداق 20 تۈرئارا نىسبەتلەشكەن 10 نوقتا بويىلاپ چۈشىنىشكە بولىدۇ:

1 ـ ئىلاھىيەرۋەرلىك بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك ئارىسىدىكى

2 ـ ۋەھيى بىلەن ئەقىل ئارىسىدىكى

3 ـ روھ مايىللىقى بىلەن ماددا مايىللىقى ئارىسىدىكى

4 ـ دۇنيا سۆيەرلىك بىلەن ئاخىرەت سۆيەرلىك ئارىسىدىكى

5 ـ غايىۋىيلىك بىلەن ئەمەلىيەتچىللىك ئارىسىدىكى

6 ـ ئۆتمۈشكە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن كەلگۈسىگە يۈزلىنىش ئارىسىدىكى

7 ـ مەسئۇلىيەت بىلەن ئەركىنلىك ئارىسىدىكى

8 ـ ئەگەشمىچىلىك بىلەن ئىجادىيلىق ئارىسىدىكى

9 ـ بۇرچ بىلەن هوقوق ئارىسىدىكى

10 ـ مــۇقىملىق بىلــەن ئۆزگىرىشــچانلىق ئارىســىدىكى تەڭشەكچانلىق

مانا بــۇ تەڭشــەكچانلىقلار مۇســۇلمانلارنى ئۆزگــە خەلقلــەردىن ئايرىپ هەمدە ئۇلارنى جاهان خــەلقلىرى ئــارا ئۇســتازلىق ئورۇنغا ئىگەقىلىپ تــۇرغان تۈپ ئالاھىدىلىكلــەردۇر. اللّٰه نىــڭ قــۇرئان كەرىمدە بۇلارغا قارىتا: «شــۇنىڭدەك (يــەنى ســىلەرنى ئىســلامغا هىدايــەت قىلغانــدەك) كىشــلەرگــە (ئۆتكــەنكى ئۈممەتلەرگــە) گۇۋاهچى بولۇشــۇڭلار ئۇچۇن ۋەپــەيغەمبەرنىڭ سىلەرگــە گــۇۋاهچى

بولۇشى ئۈچۈن ، بىز سىلەرنى ئورتاھال (ياخشى) ئۈممەت قىلدۇق » (بەقەرە سۈرەسى: 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېيىشىدىمۇ دەل مۇشۇ نوقتا كۆزدە تۇتۇلغان. بىز قاراپ باقىدىغان بولساق، بۇ ئورتاھاللىقنىڭ مۇسۇلمان كىشىلەر تۇرمۇشى، ئىسلاملاشقان ئائىلە، جەمئىيەت ۋە خەلقلەر ھاياتىدىلا گەۋدىلىنىپ قالماستىن، بەلكى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋەبۇنىدىكى ھەممىباپلىقتىمۇ نوقتىلىق ھالدا گەۋدىلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## تولۇقتۇرۇشچان يىتەكچىلىك

بۇيەردىكى تولۇقتۇرۇشچانلىق يۇقارقى تەڭشەكچانلىقنىڭ ئەكسىچە، ئىنسانىيەتنىڭ زىمىنىنى گۈللەندۈرۈش، الله نىڭ خەلىپىسى بولۇپ ۋە ئۇنىڭغا قۇلچىلىق قىلىپ ياشاشنىڭ ھۆددىسىدىن لاياقەتلىك چىقىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان، بىرى بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىشلارنى ئەمەلى ھالدا بىرلەشتۈرۈش دىمەكتۇر، بۇنى نوقتىلىق قىلىپ مۇنداق ئىپادىلەش مۇمكىن:

پەن — بىلىم ۋە ئىمان
ھەقىقەت ۋە كۈچ
ئەقىدە ۋە ئەمەل
تەشۋىقات ۋە دەۋلەت
تەربىيە ۋە قانۇن
ئىمانىي چەكلىمە ۋە قانۇنىي چەكلىمە
ماددىي ئىختىراچىلىق ۋە ئەخلاقىي يۈكسەكلىك
ھەربىي كۈچ — قۇدرەت ۋە مەنىۋىي روھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىمەك، مەيلى ئىسلام ۋە ياكى ئەمەلىيەتتە بولمىسۇن، يۇقارقىلار ئارىسىدا ھېچ قانداق قارشىلىق بولماستىن، بەلكى ھەرقانداق ئەھۋالدا بىرى يەنە بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان ۋە تولۇقلايدىغان، ھەممىسى تەڭ بولۇشقا تىگىشلىك تايانچلاردۇر. ئىسلام دىنى قوغلىشىدىغان ھايات شەكلى ئەنە شۇلارسىز ئۆز مۇكەممەللىكى ۋە بىجىرىملىكىنى تاپالمايدۇ. ئىنسانلار تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن تۈرلۈك تۈزۈلمىلەرنىڭ زور بىر كەمچىلىكى شۇيەردىكى، ئۇلاردا ھەر قايسى نوقتىلارغا تەڭ ئېتىبار بېرىلمەيدۇ، ئومۇملۇق نەزەردە تۇتۇلمايدۇ. مەسىلەن بۇلاردىن ئىقتىساد ۋە ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنى ئېلىپ ئەيتساق، ئۇنىڭ دائىم كۆڭۈل بۆلۈدىغىنى قورساق تويغۇزۇش بولىدۇ، ئەقىل تويغۇزۇشقا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. كۆڭۈل بۆلدى دىگەندىمۇ ئۇ ئەقىلنى روھىي ئوزۇق بىلەن ئەمەس، ئاللىقانداق بىر ماددىي بىلىم، ماددىي ساۋاتلار بىلەن تويغۇزماقچى بولىدۇ. ئۇ مەملىكەتلەر، شەھەرلەر ئارىسىدىكى باردى ـ كەلدىلىك ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ ـ يۇ خەلقلەر، ئۇلۇسلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي ۋە روھىي ئالاقە، ئالماشتۇرۇشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ھەممىدىن بەك يامان بولغىنى، ئۇ ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى ئارىسىدىكى ئالاقىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئەمما بۇجەھەتتە كائىناتنىڭ خوجايىنى بولغان الله نىڭ يولى ـ ئىسلامغا قارايدىغان بولساق، باشقىچە بىر مەنزىرىنى كۆرىمىز . ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ ھەربىر ئېھتىياجى ـ جىسمانىي، ئەقلىي، روھىي ئېھتىياجلىرى تەلتۆكۈس قاندۇرۇلغان، ئىنسانغا ئۇنىڭ ھەرقايسى ھالەتلىرى ـ يەككىلىك، ئائىلىدارلىق، جەمئىيەت ئەزاسىلىق، گىراژدانلىق ھالەتلىرى بويىچە تىگىشلىك كۆڭۈل بۆلۈنگەن ؛ ئۇنىڭدا ھەر بىر ئىنسان تىپى ۋە ئۇنىڭ ياش باسقۇچى بويىچە ئىجرا قىلىدىغان قانۇنى بەلگىلىمە، يول ـ يورۇقلار شۇنداق ئىنچىكە

ۋە تەپسىلىي ھالدا كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئۇ يەنە شۇنداقلا، بىرئۇلگىلىك جەمئىيەت، ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان ئۇممەت، نامازنى ئىجرا قىلىدىغان، زاكاتنى ئادا قىلىدىغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان دەۋلەت بەرپا قىلىش قاتارلىقلارغىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

## ئىسلامدىكى بىلىم ۋە ئىماننىڭ بىر بىرىنى ئۆزئارا تولۇقتۇرۇش ئالاھىدىلىكى

ئىسلامدىكى بىر بىرىنى ئۆزئارا تولۇقلاش ئەھۋالىنى ئۇنىڭدىكى بىلىم ۋە ئىماننىڭ بىر بىرىنى ئۆزئارا تولۇقتۇرۇش ئەمەلىيىتىدىن ئەڭ گەۋدىلىك ھالدا كۆرۈپ يەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا بىلىم بىلەن ئىمان دائىم يانمۇيان تۇرىدۇ. ئىسلامىي جەمئىيەتتە باشقا جەمئىيەتلەردە بولغان ۋە بولىدىغان بىلىم بىلەن دىننىڭ توقۇنۇش قىلىشى يۈز بەرمەيدۇ. بۇجەھەتتە ياۋرۇپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنى ۋاراقلاپ باقىدىغان بولساق، ئۇيەرلەردىكى ياۋرۇپا جەمئىيىتىنىڭ ئالىملار ۋە تەتقىقاتچىلارغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك قىرغىن يۈرگۈزۈش، زىيانكەشلىك قىلىش بىلەن تولغانلىقىنى كۆرىمىز. شەيخ مۇھەممەد ئەبدۇھ ئۆزىنىڭ «ئىسلام ۋەخرىستىئان دىنلىرىنىڭ ئىلىم، مەدەنىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە خرىستىئان دىندارلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە ئېلىپ بارغان ئادەم ئىشەنگۈسىز جىنايەتلىرىگە ئائىت بىر قاتار ئەمەلىي پاكىتلارنى كەلتۈرۈپ ئۆتىدۇ.

دىنىمىزنىڭ ئۇنى چۈشەنمەيدىغان ۋە ئۇنى باشقا دىنلار بىلەن بىر تاياقتا ھەيدەيدىغانلار ئويلىغاننىڭ ئەكسىچە، ئىلىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرەققىياتقا ھامى دىن بولغانلىقى بىزنىڭ بىر قوتلۇق تالىيىمىزدۇر.

كىشىلەرگە تۇرمۇش قولايلىقى يارىتىش ھەمدە ئۇلارنىڭ جىسمانىي، ئەقلىي ئەمگەك سەرپىياتىنى تېجەش رولىنى ئويناييدىغان ئىجابىي تېخنىكا - چارىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئىلمىي ئىزدىنىشلەرنى ئىلىپ بېرىش ئەگەر بىر مۇسۇلمان شەخسنىڭ قولىدا ئىشقا ئاشقىنىدا، بىز بۇئىشلارنى ئۇمۇسۇلمانغا نىسبەتەن بىر تۈرلۈك ئىبادەت دەپ قارايمىز. بۇئىشلار ئۇ مۇسۇلماننى خۇددى ناماز، روزا ئىبادەتلىرىگە ئوخشاشلا خۇداغا يىقىنلاشتۇرۇدۇ، تىخى بۇئىشلار بىر جەمئىيەت ئۈچۈن ئەيتقاندا، «ساقىتلىق پەرزلەر- پەرزى كىفايە» (بىراۋ ئىجرا قىلسا باشقىدىن ساقىت بولىدىغان پەرز ئەمەل، بۇنىڭ قارشىسى «ھەركىملىك پەرز - پەرزى ئەين») قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئەگەر شۇجەمئىيەتتىكىلەردىن بەلگىلىك ئادەم بۇجەھەتتىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇپ، ئۆز جەمئىيىتىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئارمىيە ساھەسىدىكى تەلەپلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ ئۈلگۈرمەيدىكەن، ئۇنداقتا، بۇ جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ بەرى جىنايەتكار، گۇناھكار بولىدۇ.

ئىسلامىيەتنىڭ ئۆزگە دىنلاردىن كەسكىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر تەرىپى شۇكى، بۇ دىن ئەقىلگەھۆرمەت قىلىدۇ، كۆزىتىشكە، تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىدۇ، بىلىمگە، ئۇگىنىشكە تەرغىب قىلىدۇ، بىلىملىكلەر، ئاقىلللارنى ئەزىزلەپ، نادانلىق، قاتماللىققا قارشى تۇرىدۇ، ئۇنىڭدا قۇرئان ئايەتلىرى چۈشكەندىن باشلاپ، ئوقۇش، يېزىش، قەلەم ئۇلۇغلىنىدۇ. ئەمما بۇيەردىكى بىر مۇھىم نوقتا شۇكى، ئىسلامدىكى بىلىم الله قۇرئاننىڭ تۇنجى چۈشكەن ئايىتىدە «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن ئوقۇغىن» دىگىنىدەك، ھەرئان ئىمان قوينىدىن يەر ئىلىشى، الله نى تونۇشتىن ئايرىلىپ قالماسلىقى كىرەك.

بىلىم مۇشۇ ئاساستىلا ئاندىن ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق، قۇت-بەركەت ئېلىپ كېلەلەيدۇ: باشقىلارغا زوراۋانلىق، ئاتىكاچىلىق قىلىشنىڭ دەسمايىسىگە ئايلىنىپ قالمايدۇ. بۇ ھەقىقەتنى بىز سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئوبدان كۆرەلەيمىز. ئۆز ۋەقتىدە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىلقىسنىڭ تەختى بىلىم ياردىمى بىلەن ئېلىپ كېلىنگەندە ئۇ قىلچە مەغرۇرلانماستىن، تەمكىنلىك ۋە ئەدەب بىلەن: «بۇ پەرۋەردىگارىمنىڭ (ماڭا قىلغان) ئېھسانىدۇر، ئۇ شۈكۈر قىلامدىم، ياتۇزكورلۇق قىلامدىم، بۇنىڭ بىلەن مېنى سىنىدى، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (بىلىش كېرەككى) ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم (ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىدىن بىھاجەتتۇر)، (**الله** نىڭ) كەرەمى كەڭدۇر» دەيدۇ. **الله** كەڭ ئىمكانىيەتلەر، شەرق ۋە غەربىدە ھېچكىمگە نېسىپ بولمىغان ئىشغالىيەت - يۇرت ئېلىشلارغا مۇيەسسەر قىلغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەين بولسا، يەجۇج، مەجۇج قەۋمىگە قارشى چوڭ توسمىنى (سەددى ئىسكەندەرنى) سېلىپ پۈتتۈرگەن چېغىدا، مۆئمىنلەرچە تۆۋەنچىلىك بىلەن: «بۇ (يەنى توسمىنىڭ بەرپاقىلىنىشى) پەرۋەردىگارىمنىڭ نېمىتىدۇر، پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ئىشقا ئاشقاندا، ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر» (كەھف سۈرەسى: 97- ئايەت) دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيەتمىز بىلىم ۋە ئىمان مەدەنىيىتىدۇر

بىلگەنلەرگە ئوبدان ئاياندۇركى، ھەر تەرەپتىن مۇكەممەللىك تاپقان ئىسلام مەدەنىيىتى قوينىدا تارىختا بارلىققا كەلگەن بۈيۈك ئىلمىي گۈللىنىشلەرگە دەل مانا بىز نۆۋەتتە يورۇتۇۋاتقان چۈشەنچە، تونۇشلار ئاساس بولغان. مۇسۇلمانلار ئۆز دەۋرىدە قەدىمقى يۇنان (گىرىتسىيە) نىڭ ئىجتىمائىيەت، ماتىماتىكا، تەبىئەت پەنلىرى ھەمدە مىتافىزىكىغا ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان، خاتالىقلىرىنى تۈزەتكەن ۋە جەۋھەرلەشتۈرگەن. ئۇلاردىن بىلىم ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە پايدىلانغان، ئۇلاردىكى بىلىملەرنى بېيىتقان، ئىزاھلىغان. تېخى مۇسۇلمانلار بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئىجادىي ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، بۈگۈنكى كۈندە مۇھىم بىر پەن تۈرىگە ئايلانغان ئالگېبرا (ئەلجەبر) پەنىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلار تۇنجى بولۇپ بىۋاسىتە كۆزۈتۈش ۋە تەجرىبىچىلىك ئۇسۇلىنى بەرپا قىلىپ، ئۇنى تۇرمۇشنىڭ ئوخشىمىغان ساھەلىرىدە جانلىق ئىشلەتكەن، ياۋروپالىقلار بۇجەھەتتە مۇسۇلمانلارنى ئۆرنەك قىلغان ھەمدە ياۋروپا ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى (رىنىسسانىسى) ھەركىتى مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن. خۇددى غەربنىڭ ئىنساپلىق كىشىلىرى ئورتاق تەن ئالغىنىدەك، بۇبىلىم سۆيەرلىك ئىسلامچە مەدەنىيەتنىڭ زور ئاتۇقچىلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. تارىختا ياۋروپا دۇنياسى جاھالەتنىڭ زۇلمەت دىڭىزىغا غەرق بولغان چاغلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى ئىلغار ۋە مۇكەممەل مەدەنىيەت شەكلى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، بىرقانچە ئەسىرلەپ دۇنيادىكى ئەڭ

باي ۋە مول مەدەنىيەتلىك ئورنىنى ساقلاپ كەلگەن. ياۋروپالىقلار بىلىم، مەدەنىيەتنىڭ نۇرىغا پەقەت مۇسۇلمان شەرقى ئارقىلىق ئېرىشكەن. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە باغدات، قاھىرە، دىمەشىق، كوردوۋا (ئىسپانىيەدە)، قاتارلىق ئىسلام شەھەرلىرىدە قۇرۇلغان ئالى ئوقۇش يۇرتلىرى شۇچاغدىكى ئەڭ داڭلىق ئالى ئوقۇش يۇرتلىرى بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەرلەرگە كېلىدىغان بىلىم تەلەپلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. شۇنىڭدەك، تىبابەت، دورىگەرلىك، ئاسترونومىيە، فىزىكا، ئوپتىكا، ماتېماتىكا، بىناكارلىق، جۇغراپىيە قاتارلىق پەنلەر ۋە باشقا ساھەلەر بويىچە يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىغان ئىلمىي مەنبەلەرمۇ يەنە شۇ ئىسلامىي مەنبەلەردىن ئىبارەت بولغان. بىزئۈلاردىن تىبابەت ساھەسىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، رازىينىڭ «تىبابەت قوللانمىسى»، ئىبنى سىنانىڭ «تىبابەت قانۇنى»، ئىبنى رۇشدىنىڭ «تىبابەتچىلىكنىڭ ئومومى قائىدە ـ قانۇنلىرى»، زەھراۋىنىڭ «ئوپېراتسىيە ساۋاتلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى شۇ دەۋر تىبابەت ساھەسىدىكى ئالدىنقى مەنبە ۋە قوللانمىلاردىن ئىدى. ئۇ دەۋرلەردە مۇسۇلمان ئالىملىرىدىن خۇارەزمىي، بىرۇنىي، ئىبنى ھەيسەم، ئىبنى نەفىس، ئىبنى بەيتار قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئىسىملىرى ئىلىم ساھەسىدىكى ئەڭ جەلىبكار ۋە ئۇلار ئۆزلىرى شۇغۇللانغان ئىلىم ساھەسى بويىچە بىردىنبىر تىلغا ئېلىنىدىغان ئىسىملار بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەلسەپە، گۇمانىزىم، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى بويىچە ئۆزدەۋرىنىڭ يەكتالىرىغا ئايلانغان مۇسۇلمان ئالىملاردىن فارابى، غەززالى، ئىبنى باجە، ئىبنى خەلدۇن قاتارلىق ئالىملار ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلاردىن ئىبنى رۇشد، فەخرى رازى، ئىبنى نەفىس قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلىم پىشۋالىرى يالغۇز شەرىئەت ۋە دىن بىلىملىرى بىلەنلا چەكلەنمەستىن يەنە تەبىئى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەنلەر ساھەسىدىمۇ يىتۈك بىلىم ئىگىلىرىدىن بولغان. ئەرەب تىلى بولسا تۈنجى قېتىم دۇنياۋى ئىلىم - پەن تىلى بولغان. بۈتىل ئۆزگە تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان ۋە ئىجادى يوسۇندا بارلىققا كەلگەن ھەرقايسى پەنلەرگە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر، ئىلمىي ئۇقۇملارنى راۋان ۋە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەشنىڭ ھۆددىسىدىن ئوبدانلا چىقالىغان. بۇجەھەتتە ھېچكىم ئەرەب تىلىنىڭ ئىپادە ئىقتىدارىدىن گۇمانلانغان ئەمەس.

ئىسلام دۇنياسىدىكى بۇشانلىق گۈللىنىش ھەرقايسى چوڭ، كىچىك شەھەرلەردە كەڭ - تاشار سۈرۈنغا ئىگە بولۇش، ئۇ شەھەرلەردىكى مەنىۋى تۇرمۇش، ئىلمىي ھاياتنى جانلاندۇرۇش بىلەن بىرگە ماددىي تۇرمۇشنىڭمۇ ماس قەدەمدە يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، بۇنىڭ نەتىجىسىدە شەھەرلەردە كۆركەم مەسجىد، مەدرەسەلەر، بەھەيبەت قەسىر - سارايلار، مۇستەھكەم قەلئە - قورغانلار، ئازادە شىپاخانا، ئارامگاھلار كۆپلەپ قۇرۇلۇپ، بىناكارلىق، مىمارچىلىقنىڭ ئاجايىپ ئىسىل نەمۇنىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇگۈللىنىشنىڭ مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىدىكى مەنىۋى تەسىرىگە كەلسەك، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز پەردىگارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، كۆندىلىك مۇسۇلمانچىلىقىدىكى سادىق، سەممىيلىكىدە، ساۋاب، ساخاۋەتخۇمارلىقىدا، ئادەملەر تۇگۇل ھايۋانلارمۇ بەھرىمەند بولالايدىغان خەيرىيە ۋەقپە - فوندلىرىدا، مۇسۇلمانلارنى باشقا خەلقلەردىن كەسكىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان، ھەتتا ئۇرۇش پەيتلىرىدىمۇ ئۆز پېتىنى يوقاتمايدىغان گۈزەل ئەخلاق، ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن تولغان مۇئامىلە، پوزىتسىيىلىرىدە چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن. بۇتوغرىدا تارىخچى گوستاپ لوبون شۇنداق دەيدۇ: «تارىختا ئەرەبلەردىنمۇ ئادىل ۋە رەھىمدىلراق ئىشغالىيەتچىلەر بولغان ئەمەس» ئۇ بۇ يەردىكى

«ئەرەبلەر» دىن ئەينى دەۋردىكى ئىسلام ئاچقۇچى ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنى كۆزدە تۇتماقتا.

بۇ بىر ئىلاھىي مەدەنىيەتتۇركى، ئۇنىڭدا بارلىق ئىش الله نىڭ زىكرى ـ يادىدىن ئايرىلمايدىغان (ھالبۇكى الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلانمىغان ھەرقانداق كاتتا ئىشمۇ ئۇتۇقسىزدۇر). بۇبىر ئىنسانپەرۋەر مەدەنىيەتتۇركى، ئىنسان مەنپەئەتىگە، بەخت ـ سائادىتىگە، ئىنساننى يۈكسەلسۇرۇشكە خىزمەت قىلىدىغان، شۇنداقلا يەنە ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى، تەبىئىي خاراكتىرىگە ئەھمىيەت بىرىدىغان. بۇبىر ئەخلاقپەرۋەر مەدەنىيەتتۇركى ئۇنىڭدا ئىلىم ـ پەن ئەخلاقتىن ئايرىلمايدىغان: ئىقتىساد ئەخلاقتىن ئايرىلمايدىغان؛ سىياسىي ئەخلاقتىن ئايرىلمايدىغان؛ ھەتتا جەڭمۇ ئەخلاقتىن ئايرىلمايدىغان.

مەن شۇنىڭغا چۇڭقۇر ئىشىنىمەنكى، ئاشۇنداق بىر ئۇلۇغ مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغان مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى كۈندە يەنە يېڭىچە بولغان بىر مەدەنىيەتنى يارىتالايدۇ. بۇشۇنداق مەدەنىيەتتۇركى، ئۇبىر تەرەپتىن غەربتىن ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولغان بىلىم ، پەن ـ تېخنىكا ئەۋزەللىكلىرىنى ، ئىلغار باشقۇرۇش ۋە تەشكىللەش ئۇسۇل ـ چارىلىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، غەربتىن قوبۇل قىلغان قوبۇللىمىلارنى ئۆزىمىزدىكى ئىماني، ئەخلاقىي، ۋە ئىنسانىي ئۆلچەم ـ پىرىنسىپلار بىلەن ماس قەدەمدە بىرلەشتۇرۇپ ۋە ئۆزلەشتۇرۇپ بارىدۇ. دىمەك بۇئارىلىقتىكى بارلىق جەريان بىۋاسىتە ھالدا ئىلاھىي كۆرسەتمە، دەستۇرلار ئاساسىدا تىزگىنلەپ تۇرۇلىدۇ. بۇمەدەنىيەتتە مۇسۇلمان ئاقىللارنىڭ ئىنسان ۋە ماكان ھەمدە زامان شارائىتىدا بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى كۆزدە تۇتقان، شەرىئەتتىكى تۇپ مەقسەدلەربىلەن ئايرىم تېكىستلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشى ماسلاشتۇرغان ئاساستا بىرقىسىم، ئۇششاق مەسىلىلەردە ھۆكۈمسازلىق ـ ئىجتىھاد ئېلىپ بېرىش ھوقوقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. بۇ مەدەنىيەت روھ بىلەن ماددا، دۇنيا بىلەن ئاخىرەت، تەرەققىيات بىلەن ئەخلاق، ئىلىم - پەن بىلەن ئىماننى زىچ بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق هازىرقى زامان مەدەنىيەتلىرىدە ساقلىنىۋاتقان بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، كەملىكنى پۈتۈنلەيدۇ.

ھەممىمىزگە ئېنىق بولغىنىدەك ، پەقەت ئىمانلا ئالەمدىن ئىبارەت بۇ كاتتا مەۋجۇدىيەت (ماكرو ئالەم) نىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ؛ ئىنساننى ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي بولغان بۈيۈك مەۋجۇتلۇق - الله بىلەن تونۇشتۇرىدۇ؛ ئىنسان هاياتىنى ئۇلۇغ ئىستەك - نىشانلار ۋە مۇقەددەس بۇرچ بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىنسانغا بېرىدىغىنى روھى ئاراملىق، كۆڭۈل تىنچلىقى. ئۇبار يەردە قورقۇنچ، قايغۇ يوق. ئۇنىڭغا ئىگە ئىنساننى خاپىلىق، ئۈمىدسىزلىك بويسۇندۇرالمايدۇ. الله قۇرئان كەرىمدە شۇنداق دەيدۇ: « (تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى ئۇلارنىڭ دىللىرى الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ» (سۈرە رەئد: 28- ئايەت)، « مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈردى » (سۈرە فەتھ : 4 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ئىمان بىر هىدايەت كۈچى بولۇپ ، ئۇ كىشىنىڭ ماڭار يولىنى يورىتىدۇ. ئۇبىر تۈرتكۈ كۈچ بولۇپ، كىشىنى ياخشىلىققا ئۈندەيدۇ. ئۇبىر چەكلەمچى بولۇپ، كىشىنى يامان ئىش - قىلمىشلاردىن چەكلەپ تۇرىدۇ. ئۇ بىر ئۇيۇشتۇرغۇچى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئۈزۈلمەس رىشتە بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ.

## تۈگەنچ سۆز

مانا سىز بىز مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى كۈندە ماددى ئىستىمالچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان بەختسىز كەچمىش ئىچىدە

تىگرىقاپ يۈرگەن دۇنيا خەلقلىرى ئۈچۈن ئېلىپ چىقىدىغان ئىسلام مەدەنى يىتەكچىلىكى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىڭىز. ئەمدىكى قەدەمدە مۇسۇلمانلارغا مۇھىم بولىدىغان ئىش- بۇ يىتەكچىلىكنى ئالدى بىلەن ئەمەلى ئۈلگە ، ياخشى ئوبراز بىلەن، ئاندىن قالسا كىتەرلىك ئوقۇشلۇقلار ، ئاڭلاشلىقلار( ئۈن بويۇملىرى)، كۆرۈشلۈكلەر(سىن بويۇملىرى) ۋە گىزى كەلگەندە ھەر خىل تىللار بىلەن قايىل قىلارلىق ، مەجبۇرىيەت ئادا بولغۇدەك دەرىجىدە ئورۇنداش ئۈچۈن بارچە ئىمكانىيەتلەرنى تولۇق ئىشقا سېلىش كىرەك . دەل شۇنداق قىلغاندىلا ، ئاخرەت ئالىمىدە كىشىلەرنىڭ ئازغۇنلىقى ئالدىدا ئۇلارغا ھەقنى يەتكۈزمىگەنلىك بىلەن ئەيبلىنىشكە ئۇچرىمايمىز ھەمدە ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلغان بولىمىز . بىز نۆۋەتتە مەخسۇسلاشقان رادىئو تەشۋىقاتى ، سۈنئى ھەمراھ قانالىلىرى ، ئىنتىرنىت تورى ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ئاۋازىنى زىمىننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يەتكۈزەلەيمىز. بۇ ئارقىلىق بىز ئىسلامنىڭ دۇنياۋىيلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز . بىراق بىز بۇنىشاننى رويابقا چىقىرىش ، ئىسلامنى ھەر بىر قەۋمگە ئۇنىڭ ئۆزتىلى بىلەن بايان قىلىش ئۈچۈن كۆپ ساندىكى تەجرىبىلىك، قابىل ئادەم كۈچلىرىگە مۇھتاجمىز. شۇنداقلا بۇئىشلارغا كىتەرلىك تۇرلۇك قىممەت باھا ئۈسكۈنە، قۇرۇلمىلارنى تەقلەش ئۈچۈن ئاز بولمىغان ئىقتىسادى مەبلەغ ھازىرلاش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىمكانى يارىبەرگەن كىشىلەرنى چوڭ- چوڭ ئىئانە ئىشلىرىغا سەپەرۋەر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

مەن نۆۋەتتە ئېنتىرنىت تورى ئارقىلىق ئىسلامغا چاقىرىق قىلىشنى زامانىمىزنىڭ جىھادى دەپ قارايمەن . بۈجىھادتا ئىسلام دىنىنىڭ ئاۋازىنى ئۆز ئارىمىز ۋە يىراق ، يىقىن ئەللەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن قوشۇن تەشكىللەش كەتمەيدۇ. بىز بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق- ئەگەر ئۇنى زامانغا لايىق ئورۇندىيالىساق- بىر تامچە قان تۆكمەي ، زەمبىرەك ئاتماي ، بىراۋغا جەڭ ئىلان قىلماي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچىنى تارقىتىدىغان تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ تۆت ياقىمىزدىكى نۇرغۇن ئەل ۋە رايونلارنى تىنچ رەۋىشتە ئىسلام تەسىرى ئاستىغا كىرگۈزەلەيمىز . مانا بۇ تارىختا مەشھۇر بولغان ھۇدەيبىيە بىتىمىدە ئىشقا ئاشقان «تىنچ غەلىبە» دۇر. ئۆز دەۋرىدە رەسۇلۇللاھ بىلەن قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىقنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھۇدەيبىيە بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ھەرئىككى تەرەپ بىرى بىرىگە تەگمەيدىغان بولۇشقان. الله بۇ مۇناسىۋەت بىلەن «غەلىبە» سۈرىسىنى چۈشۈرۈپ، بۇ بىتىمنى «روشەن غەلىبە» دەپ ئاتىغان. شۇچاغدا بەزى ساھابىلەر رەسۇلۇللاھتىن: ئەي الله نىڭ پەيغەمبىرى ، مۇشۇ ئىش غەلىبىمۇ ؟— دەپ سورىغاندا ، رەسۇلۇللاھ: جانىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ھەقىقەتەن بىر غەلىبىدۇر، ـ دىگەن ئىدى. دىگەندەك، ئىسلام دىنى مۇشۇ ئارىلىقتا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان سۈرئەت بىلەن تارقالغان. مۇشۇ بويىچە قارىغاندا، ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە كېلىشىچە، بىر ئادەم رەسۇلۇللاھدىن كونىستانتىنوپول (ھازىرقى ئىستانبول) بىلەن رىم (ھازىرقى ئىتالىيە پايتەختى رىم)نىڭ قايسىسى بۇرۇن ئىشغال قىلىنىدىغانلىقىنى سورىغاندا، رەسۇلۇللاھنىڭ كونىستانتىنوپول بىرىنچى بولۇپ ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن (ھازىر ئىستانبول دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇشەھەر 1453 ـ ئوسمان تۈركلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ ئىسلام ئېلى دائىرىسىگە كىردى، بىشارەتتە دېيىلگەن يەنە بىر شەھەر ـ رىم بولسا ھىلىغىچە كۇفر ئېلى بولۇپ كەلمەكتە ـ ت) ئىككىنچى قەدەمدە رىم فەتھ ـ ئىشغال قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا بەرگەن بىشارىتىگە نىسبەتەن مېنىڭ چۈشەنچەم شۇكى، رەسۇلۇللاھ بۇيەردە دەۋاتقان رىم ياكى رۇمنىڭ ئىشغالىيىتى قانداقتۇر قىلىچ ۋە زەمبىرەك ئىشغالىيىتى بولماستىن بەلكى دەئۋەت، تەشۋىقات ۋە ئاڭ،

پىكىر ئىشغالىيىتىدىن ئىبارەتتۇر. رىمنىڭ فەتھى قىلىنىشى دىمەك ئىسلامىيەتنىڭ ياۋرۇپادىن ئىككى قىتىم سىقىپ چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن (بىرىنچى قىتىم ئىسپانىيەدىن، ئىككىنچى قىتىم بالقاندىن) ئۇنىڭغا يەنە قايتىپ كىرىشى دىمەكتۇر. مانا بۇ، ـ ئەگەر خۇدا بۇيرۇغان بولسا ـ ئىسلامنىڭ 21 ـ ئەسىرلىك بۈيۈك غەلىبىسى بولۇپ قالغۇسىدۇر. مانا بۇنىڭ ئۆزى ئەقىللىلەرنى بىلىم بىلەن، قەلبلەرنى ئىمان بىلەن، هاياتنى ئىسلام ئۆگىتى ـ تەلىماتلىرى بىلەن ئېلىش ـ فەتھ قىلىشتۇر.

«بۇ كۈندە مۇئمىنلەر اللهنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشهال بولىدۇر» (سۈرە رۇم : 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ، «ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ هەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان ـ زىمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز» ( فۇسسىلەت سۈرىسى: 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

—— تۈگىدى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى